جەھاندا كۆپ ئىرۇر سەندەك نەچە سۆزلەرنى ئايتماقغا.
بىگىم تەۋفىق تافىپ بىر يەردە ئەھيا قىلسەلار مەسجىد،
پۈتۈپ قويسام بۇ نەزمى شەرھىنى، بەش ئالتە فەرمانغا.

*　*　*

ئاجراتقۇ ئىيسا ھاجىم كۆھنە ئۇرفەغە مىراب بولدى،
ھەمىشە راستلىغ ئەيلەپ، جەھاندا كامىران بولدى.
سۇ بولسا ئامۇ خاسنىڭ ھەققىدۇر دەپ كۆڭۈل قويدى،
بۇ ئىشنى قىلغانىغا ھەممە ئادەم شادمان بولدى.
نىچۈك بەختۇ سەئادەتتۇر مىرابلىق قىلغان ھالەتتە،
يىلىنى سورساڭىز قوي يىلىدۇر ماھى شەئباندا.
سۇ يوق ئەردى تەمامى باش ـ ئاياغى قۇرۇغان چاغدا،
ياتار ئەردى ھەلاۋەت بىرلە دائىم باغۇ ـ بوستاڭدا.
خەلايىق بىلمەدىلەر ئۇشبۇ سۇنىڭ كارى بارىنى،
كۆرۈڭلەركىم ئارىق ـ ئۆستەڭ باشىدا يىغا زارىنى.
كىچىكلەر چوڭلانى كۆزىگە ئىلماي، ئەرزۇ دادىنى،
دەرىغ ئەتمەي قاچانكىم بەردى ئۇرفە باش ئاياغىنى.
بەجانۇ دىل بىلە قىلدى خەلايىقغا بۇ خىزمەتى،
ئۆيىدىن چىقسا ھەر دائىم دىلىدا خاس نىيەتنى.
دەرىغ ئەتمەس ھەمىشە ھەم كىچىكدىن زەررە ھۆرمەتنى،
ئاياغدىن سۇنى ئۇزمەي سۇزمە قىلدى ئۇشبۇ نەۋبەتنى.
دۇئا قىلغان ئىكەن باشدا ئاتاسى ئىبنى ئىبراھىم،
ئۆزىنىڭ ھىممەتىغە ياستانىپ ياتغان ئىدى دائىم.
رەئىيەتلەر تۇرار ئەردى ھەمىشە ئالدىدا قائىم،
سەخاۋەتلەر قىلۇر ئەردى فەقىر، مىسكىنغە ھەر دائىم.
بۇ تۇرلۇگ ئىشنى قىلماقغا، فەراسەتلىك كىشى قايدا،
ئارىق ـ ئۆستەڭ باشىدا ئات چاپىپ بارغاندا ھەرجايدا.
شىجائەت بىرلە غەيرەتلىك قىلۇر ئەردى ئالىش باشدا،
سۇنى تەڭشەپ ئالۇر ئەردى بۇ قىسمى ئەيلەگەن چاغدا.
سۇ ئاچقان يەرنى تاپسا ھەر نەچە مەھكەم تۇتۇپ باغلاپ،

مېنىڭكى بولسا يۇرتۇم ھەممە ئۈستەڭدىن ئاياغ فايىناب.
ئەزەلدە قىسمەت ئۇلغان رىزقىنى تەڭرىم بېرۇر چاغلاپ،
تەۋەككۇلنى قىلىپ دائىم خۇداغا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ.
قاچانكىم چىقسا ئۈيدىن ئات چاپىپ ئالىشقا باردىلار،
سۇنى باشتىن تاپىب دائىم، ئاياغقا بىرلا سۇردىلەر.
مىشار، قىزلىغ، تاغارچى، ھەشتيەك دەپ سۇزنى بەردىلەر،
ئاياغ ئورپە ئوغۇللۇق دەپ سۇيىنى باشقا ئالدىلار.
قەدىم ئەكسىدەكى ئەننى تاپىب تەڭشەپ ئالۇرمەندەپ،
بۇ ئىشنى جابەجا ئەيلەپ، خەلايىقغا بېرۇرمەن دەپ.

بۇ تۇرلۇگ قىلماسام ئەدلى، ۋەبالىغە قالۇرمەن دەپ،
تىلەر ئەردى ياتىپ دائىم ھەمىشە ئەدل قىلسام دەپ.
خەلايىق چاغلاماسلار بۇ مىرابىنىڭ كارى بارىنى،
تارىپ ئالدى تەمامى بارچە ئالەم چۆل ـ باياۋاننى.
قانائەت يوقلۇغىدىن تولدۇرۇرلار بارچە ئامبارنى،
بىرى بىردىن ھەيا قىلماس كېتىپدۇر بارچە نەفسانىي.
دىلىدا بار ئىدى دائىم فەقىرگە ياخشىلىق قىلماق،
نەسىب قىلدى خۇداۋەندىم جەھاندا كامىران بولماق.
قۇيۇندەك چۆيرۈلۈپ تاغۇ بەياباندا تاش قازماق،
ئىرادە ئۇشبۇدۇر بىلسەڭ، بۇ دەۋلەتتىن جۇدا بولماق.
ھەقتائالا كەڭرى قىلدى ئۇشبۇ يىللاردا سۇنى،
بۇ سۇغا كۆڭۈل قويۇپ بەركىتتى ئۈستەڭ ئاغزىنى.
كامۇرا، ئوردا ئۈستەڭ، رەباتچى ھەم مىشارنىڭ ئاغزىنى،
ئەي خەلايىق، بىلسەڭىزلەر بۇ مىرابىنىڭ فىئلىنى.
بەگلەغە بەگلىك قىلىپ، كۆرسەتتى ئۆزىنىڭ خۇلقىنى،
ھەم كىچىك ئادەمنى كۆرسە قىل ـ مەسەل-ئىززەتىنى.
ئۇشبۇ ياڭلىغ ئەيلەگەچ، فۇتكەردى كەڭرۇ ئۇرفەنى،
ھېچ كىشكىم بىلمەدىلەر بۇ مىرابىنىڭ قەدرىنى.
ئۇشبۇ يىل دېھقانچىلىقدا باردۇرۇر كۆپ خاسىيەت،
ھېچقاچانكىم بولماس ئەردى دانەلەرگە بەرەكەت.
كەڭرۇ بولدى نازۇ نىئمەت خەلق ئاراسىدا نەمەك،
سۇ بىلە پەرۋىش تاپادۇر چوڭ ـ كىچىك، بىلمەك كېرەك.
پادىشاھلار غەزنەسى تولماقلىغى دېھقان بىلە،
شاھۇ دەرۋىش ھەم گەدانىڭ توقلىقى دېھقان بىلە.
ئالىمۇ ئابىد ئىبادەت قىلماقى دېھقان بىلە،
نازۇ نىئمەتلەرنى يەپ خوشاللىقى دېھقان بىلە.

تۇتسا مىلك كۆن روزەنى بىر شىرى مەرد بىر غاردا،
ھەم نەۋافىل سەجدە قىلدى، ئۇشبۇ تۇرلۇگ جايىدا.
كۆھ بەكوھ تاش كۆيدۇرۇپ چۆمسە كىرىپ بۇ ناردا،
ئەجر قىلدىلار سۇغا بىر شىرى مەرد بۇ باردا.
ھەم تارازۇدا ئاغىر كەلگەي سەۋابى بىشۇمار،
ھەم سۇفىيىۇ زاھىدۇ ھەم ئاشىقۇ لەيلۇ نەھار.
زۇھدۇ تەقۋالىق بىلە قىلسا ئەمەل فەرھىزكار،
نان بىلەن سۇ بولماسا شاھۇ گەدا ئاندىن چىقار.

بىلمەك كېرەككىم، ئىيسا ھاجىم ئاتا ـ بالا ئەرەفات قىلماق نىيىەتىدە ئۆيدىن چىقىپ، يولدا بارغۇن-چە ۋەفات تاپقانى.

ھەج قىلماق نىيىەتىدە چىقتى ئۆيدىن بۇ مىراب،
تالىئىم قىلسا مەدەت، بولغاي دۇئايىم مۇستەجاب.
داغۇ دەردىمنى ئالىپ، بارسام خۇدانىڭ مەككىغە،
يولدا بارغۇنچە ئۆلەرمەن تاكى كۆرمەسمەن ئەزاب.
ھەجر سەھراسىدا قالدىم خەستەدۇرمەن ھەم زەئىف،
تا ھەيات بولسام ئەگەر مىيقات ھەج ئالغۇم سەۋاب.
ئاز ئېرۇر دىلدار ئۈچۈن سىرىنى ئەيلەسەم مەن خانۇ مان،
ئەي خۇدايا، رەھم قىلغايسەن مېنىڭ ھالىم خەراب.

كۆرمەدىم چىھرىڭنى ھەرگىز، ئەي ئەزىز ئوغلانلارىم،
رەھم ئېتىپ كەلسەڭ نەبولغاي خەستە ئەھۋالىم سوراپ.
ھالى بىمارۇ غەرىب سورماق سەۋابدۇر بىئەدەد،
جان چىقارغا يەتتىيۇ بىر كەلمەدى ھالىم سوراق.
ئەمدى مەندىن كەتتى خۇبلۇق، تىترەشۇر جانىم مەنىڭ
يەتمەدىم ھەرگىز مۇرادىمغا، نېتەي، ھالىم خەراب،
بۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەم غەرىبلىق شەھرىدە قالدىم.
بۇ دەريا شەھرىدە بومبايدا ياتارمەن دەر بەدەر يىغلاپ،
تەۋبە دەپ ئۇشلاپ ياقامنى چاك ئېتىپ، ئەي دوستلار،
ئۆلسەم ئەردى ئۇشبۇ بەيتۇللاھنى بىر كۆرسەم قاراپ.
داغۇ دەردىمنى ئالىپ بارسام لەھەتنىڭ ئۆيىگە،
تا قىيامەت بۇ مەزارىمغا كېلۇر بۇيى كەباب.
جان ئۈزۈپ جان ئاۋلادىم جاننى چېكىپ جانانىغا،
گەر نەسىب ئەتسە قىيامەت ھەججى مەقبۇلىن سەۋاب.
زەئفەران بولدى چىرايىم دەرد ئۈچۈن، ئەي دوستلار،

بۇ چىرايىمنى كۆرۈپ، بىر كەلمەدى ھالىم سوراپ.
دەردى ئەھۋالىمنى مەن ئايتاي دېسەم، كەتتى بارى،
يەتمەدى ھېچكىم مېنىڭ بولدى نېتەي ھالىم خاراب.
ھېچكىشى قالغانى يوق ئۆلمەي تىرىگ بۇ دۇنيادا،
مەن ئۆلەر بولدۇم مەزارەت شەھرى بومبايدا قاراپ.
ھالى زارىمدىن مېنىڭ بىدەرد كىشىلەرگە نە غەم،
دەردمەند بولسا كىشى، كەلگەي مېنىڭ ھالىم سوراپ.
ئۇشبۇ ئاجىزلىق بىلەن ئۆلگەن غەرىبىنىڭ ھالىغا
ھەرقاچانكىم ياد ئېتەرسىزلەر مېنىڭ دەردىم سوراپ.
بۇ دەردىم رەنجىگە، ئەي دوستلار، ھەرگىز دەۋا يوقتۇر،
ئۆلەرمەن بىگۇمان ئەمدى، دەۋاسىز دەردغە مەن ئۇچراپ.
كۆڭلۇم ئىچرە دەرد كۆپدۇر، مەن بىلۇرمەن دەردنى
كۆرسەتىپ بولماس ئانى بىدەردلەر ئەلدىن سوراپ.
يۈرۈرگە قۇۋۋەتىم يوقتۇر، بارۇرغا نە ماجالىم بار،
قىيامەت كۈن تاڭ ئاتقۇنچە كۆيۈپ گورۇ كەفەن يىغلاپ.
جىگەر ئۇدى كۆيۈپدۇرمەن بەيابان گەردىغە تۈشتۈم،
ئۇشالدى قەدرى بويۇمدىن ھەمە دوست - يارلارىم يىغلاپ.
ئەگەر پەرياد قىلسام خەلق ئارا دەردىم بولۇر ئەئيان،
مەگەر دەم ئۇرماسام، نەيلەي، يۈرەك باغرىم تامام زەرداب.
ئەگەر يۈزىمىڭ بەھار بولسا، ئاچىلمايدۇ ماڭا بىر گۈل،
مۇرادىم نەخلىنى ئۈزدى، نېتەي، ئەي دوستلارىم، ئەھباب.
ئۇشبۇ رەنجىم شىددەتىدىن ئوت چاقىپ كۆيدۈرسەلەر،
كاشكى ياتغاي ئىدىم بۇ باغۇ بوستانغا قاراپ.
بۇ ئالەمدە ۋەفا يوقتۇر، بىلىڭلار، ئەي مۇسۇلمانلار،
قاشىمغا كەلمەدى ھەرگىز مېنىڭ دوست - يارلارىم قارلاپ.
دەرىغا، كەتتى ئۇيباغدىن مىراب ھاجىم ئۆتۈپ كەتتى،
غەرىبلىق كارباتىدا بۇ ئەجەلنىڭ شەربەتىن ئىچتى.
ئەزىز جاندىن كېچىپ ئاخىر، گۈلىستان ئىچرە يول تاپتى،
يارۇغلۇق ئالەمى دەريايى قولزۇمدا ئەمان تاپتى.
باشىغا كەلگەنىن ئايتۇر مېنىڭدەك بولماغان بارمۇ،
ئۆزۈمنىڭ دەردىنى ئايتىپ، كۆزۈم ياشى رەۋان بولدى.
مېنىڭ مۈشكىل ئىشىمنى ھەق تەئالا ئەيلەسە ئاسان،
بۇ باشىمغا بۇ دۇنيادا نەچە سەۋدا نىھان بولدى.
ئىلاھا، بۇ غەرىب بىچارەنىڭ ھالىغا رەھم ئەيلە،
قىزىلگۈلدەك چىرايىم سارغارىپ، ئاخىر خەزان بولدى.
بۇ دەردىمغە دەۋا قىل دەپ، خۇداغا ئاھۇ ۋاھ قىلدىم،

مېنىڭ قىلغان سەدايىمغا ھەمە تاغلار گۇۋاھ بولدى.
قىزىلگۈل غۇنچەسىدەك نەۋجەۋان تالىبلارىم قالدى،
ئوقۇغان ئىلمى تالىب سۇرخ رۇي فەرزەندلەرىم قالدى.
قارىنداش، دوست، تۇققانغا تارىقچە ئىتىماد ئەتمە،
يىراق قاچتى، ئانى بىلسەڭ، مېنى تاشلاپ جۇدا بولدى.
كۆيۈپ شامۇ سەبا فۇرقەت ئوتىدا ئۆرتەنۇر جانىم،
زەنۇ پەرزەند فىراقىدا كۆيۈپ، كۆڭلۈم يارا قىلدى.
مۇھەببەت ئوقىغا بولدۇم نىشانە، سىنەئى ئاشىق،
جەراھەت دەرد بىرلە قان ياشىمنى ھەم رەۋان قىلدى.
ئۆلەر ۋەقتىمدا ئىمانىم سەلامەت ئەيلەگىل، يا رەب،
بەھەققى ھۆرمەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان كەلدى.
چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللارنى قەتئى ئەيلەپ،
نەسىب قىلساڭ ئوشۇل بەيتىڭ، زىيارەت قىلغالى كەلدى.
خۇدايا، رەھىم قىل، مەن بەندەئى رۇيى سىياھدۇرمەن،
يۈرۈپ غەفلەت بىلەن دائىم كۇيىدا مۇبتەلادۇرمەن.
سەھەرلەردە قوپۇپ، تەۋبە تەزەررۇئى قىلمادىم، يا رەب،
قىيامەت كۈن نېچۈك قىلغايمەنۇ كۆڭلى قارادۇرمەن.
دېدىڭ: «لا تەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھ» ۋەئدەئى ئايىتىڭ،
خۇدايا، ئىتىماد ئەيلەپ، بۇ ھۆكمىڭغە رىزادۇرمەن.
قول ئاياغىم بەندكە تۈشتى، توختە ھاجىم، سىز كېتىپ،
ئاھ نەيلەي، بۇ شەھەردە ھەم مۇسافىر ھەم غەرىب.
ھەر زامان قان يىغلادىم دوختۇرگە قانچە يالبارىپ،
رەھىم قىلماي ئۇشبۇ خۇنخار ھەر نەبارىم ئاختارىپ.
نەزم قىلدىڭ موللا ئەلىي ئۇشبۇ سۆزنى بىتۈيۈق،
ئۇشبۇ كۈندە بولماغاي مەندەك يەنە كۆڭلى سۇنۇق.
ھېچ تۇھفەم يوق گۇناھىمدىن يەنە بارسام قۇرۇق،
رەھىم ئەيلەپ تەنگۇ تارلىقدا كۆزۈمنى قىل يارۇق.
يا ئىلاھەل ـ ئالەمىين، بارچە نەبىيلەر ھۆرمەتى،
نە قىلۇرمەن تائەتىم ئاز، مەنزىل يىراق، مەركەب ئورۇق.

* * *

نەچچە يىل بۇياندا بولدى تالىب بەگ مىراب،
سۇ ئەكەلمەي ئۆيدە ياتتى، خەلقنىڭ ھالى خىراب.
ئەي خەلايىق، بىلسەڭىزلەر بۇ مىرابنىڭ فىئلىنى،
ئۆزى ئاشقۇلدا ياتىب، تاغارچىلىقتىن پۇل ماراپ.

قاراقۇم ئارىقلارىدا كېچە ـ كۈندۈز سۇ ئاقىپ،
چۆل باياباننى تارىپ ئالدى خەلايىق ئالداراپ.
كۆكباشى، داققالچىلار ھەم سۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ،
بارچەسى پوستەكچى بولدى، تۇگۈرمەنلەدە ئۇند يالاپ.
ئۇرپەنىڭ ئەسلىكلەرى بۇ ئىشتا بولدى بىخەبەر،
بىر ـ بىرىگە قارلاشىپ ئۆيىدە ياتتى خوقىراپ.
ئىككى ئۈچ ئاي سۇ ئەكەلمەي، سالدى پەي دەرپەي ئالىش،
خەلقى ئالەم بىلمەدىلەر بارچەغە بولدى ئەزاب.
ھىيلە بىرلە سۇ ئەكەلمەي، تولا ئادەم قاقشاتىپ،
مۇنداق ئەتسە، ھەق تەئالا قىلغۇسى قاتتىق ئەزاب.
كەفسەن ئالدى بارچە تۇگۈرمەندىن تولا بۇغداي قوناق.
ئۇشبۇ ئىش يالغان ئەمەس، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.

قارغالىق، فوسكام يولى ئۆستەڭلەرىگە ساتادۇر،
ئۇشبۇ ئۆستەڭگە بېرىپ، دەريادا سۇ ئاز قالادۇر.
ئىككى ـ ئۈچ ئاي خەلقلەرغە بۇ قىيىنلەر بولادۇر،
نەچچە يىللارنىڭ بۇياندا ئۇشبۇ ئىشلار بولادۇر.
ئۇرفەلۇق باشتىن ئاياغ ھالىڭ باقىشىڭ يوق بولادۇر،
مۇنداق ئەتسە بۇ جەھان ئاخىر ئۆزى يوق بولادۇر.
ھېچ قاچان مۇنداق بەلا بولماس ئىدى بۇ ئۇرفەدە،
بىلسەڭىزلەر، ئەي خەلايىق، كارۇ بارلار تولادۇر.
بارچە يۇرتتا قالمادى ھەر كەنتنىڭ ئەسلىكلەرى،
كەتتى بىر ـ بىر ئارقاسىدىن بىلسەڭىز كىم قالادۇر.

باش ـ ئاياغدىن بىر ئادەم يوق كارغا كەلمەس ئۇرفەلۇق،
چوڭلارى ئۆلدى بارى، ئۇششاقلا قايداغ قىلغۇلۇق.
بارچە يەردىن بۇ جەھان ئوتتۇرانچى ئۇرفە كۆپ سۇلۇق،
قىشۇ ياز ئاجىراتقۇدا سۇ ئىچەدۇر كورلاپ قۇدۇق.
ئۇشبۇ سۆزلەرنى تولا ئايتسام جەھاندا سۆز ئۇزاق،
ھەددىن ئارتۇق نەزم قىلدىم، خەلق دەر يومدان قوساق.

كېچە ـ كۈندۈز ياتتى ئاشقۇلدا كۆرۈڭ تالىب مىراب؛
بۇنى ئاڭلاپ كۇھنە شەھەردىن چىقتى سەككىز ـ ئون جەلاب.
يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى باش ئۇرۇپ ھاردۇق سوراپ،
مەرھابا، خۇش كەلدىڭىز، جانىم خېنىم، دەر بۇ مىراب.
ئەرەبا، مەھفە بىلەن ھەر قىسمىدا ھەر رەڭ جەلاب،

چاي تۆتۈپ بىر يان بولۇپ، مەستانە بولدى بۇ مىراب.
ھەر بىرىدىن باشقا ـ باشقا ياستانىپ، ھاردۇق سوراپ،
يۈزلەرىنى ئارىتىپ ئولتۇردۇلار كۆزىنى ياساب.
ئۇشبۇ تەئرىفلەر بىلە تىترەپ تۇرۇپ تىلنى شوراپ،
ھەرقاچان تەييار قىلىپ تۇرغان ئىدى زىختا كەباب.
ئاغزىدا تىشلەپ تۇرار، تىشلەپ ئالار تالىب مىراب،
يېپىشىگە قەند ـگەزەك يەپ، ئولتۇرۇر ھەرخىل جەلاب.
بۇ سىفەتلەر بىرلە دائىم شادلىق ئەيلەپ مىراب،
كۆرسە ھەركىم جانغا راھەت تەنگە قۇۋۋەتتۇر جۇلاب.
تاتقى كەتمەس ئاغزىدىن تا ئۆلگىچە لەبنى يالاپ،
دىماغىدىن ئۇدۇ ئەنبەر بۇي كېلۇر، يىلدار مىراب.
بۇ ئاجايىب نەرسەلەر ئولتۇرسا دائىم فارقاراپ،
مەي بىلە بوزە مۇسەللەسلەر ئىچىپ شۇربۇ شەراب.
بىرى دافەند، بىرى تەنبۇر، بىرىسى چالدى رەباب،
مۇنى كۆرگەن خەلقلەرنىڭ بولادۇر ھالى خەراب.
مەستى لايەئقىل بولۇپ، كەتتى ئۆزىدىن بۇ مىراب،
غەيرى شەرئىي ئىشلانى ھەددىدىن ئۆتكەردى بۇ مىراب.
مەي ئىچىپ بىھۇش بولۇپ، ئول دەمدە ياتسا ھەر جەلاب،
باشىنى يۆلەپ تۇرۇپ، رازى بولۇڭ دەپ بۇ مىراب.
ئۇشبۇ فاھىش ئىشلارنى كۆرگەن كىشى تەۋبە دېمەس،
دىنىي ئىسلام سۇستلۇغىدىن قىلمادىيلار ئىزتىراب.

داغى ھەسرەتكە قالىپ، بىر نەچچە خەلق ھەيران بولۇپ،
بەئزى ئەل ياقىن كېلەلمەي، ئىنتىزارلىقتا تۇرۇپ.
بارچە ئالەم ئورلاشىپ، ھەر كۇندە ئاشقۇلدا بولۇپ،
مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ، تولاسى سەرگەردان بولۇپ.

كوچالاردا يۈرسە دائىم قوينىدا تۆت بەش ئانا،
بىر بۇزۇق خوتۇننى كۆرسە ئەرگەشىپ ماڭدى يانا.
توختاماي قىلغانىدى ھەر كۇنلۇكى ئۈچ ۋەقت زىنا،
ئاي ـ يىلى ئۆتسە ئوقۇماسلار ئىدى ھەمدۇ سەنا.
كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ، چىقماس ئىدى ئاشفەزخانا،
كېچەسى مەشرەبمۇ مەشرەب، كۇندۇزى ئويىنار قىما.
بار ـ يوقىنى ئۇتتۇرۇپ جەلابغا ھەم تويدى يانا،
پۇل تۈگەپ، ئابرۇي كېتىپ، مۇرادىغا ئەمدى قانا.

چىقسەلەر ئۈستەلگە باشىغا سالدىلار ئۈچ دورغانى،
ئۆمر ئىچىدە مىنمەگەي ئات ئەمدى ئوبدان يورغانى.
بۇ جەھان مۇنداق ئېرۇر ھەلۋامۇ يوق ئارفا نانى،
كەتتى دەۋلەت باشىدىن ئابرۇيمۇ يوق، ئىززەت قانى؟

ئەۋۋەلىي ئارمۇت توشۇپ، ساتار ئىكەن بازار - بازار،
ئىككى ئۇلاغ ئارمۇت ئالىپ، يولغا چىقىپ باشى قاتار.
ئاناسى يىغلار ئىكەن، بۇ مىۋەنى قايداغ ساتا،
تولۇق ئىكەن دەپ ئالماغاننى خەقلەر باشىغا ئاتا.

چىقسا ئۆيدىن ھەركۈنى بولۇر ئىدى يۈزمىڭ خەفا،
قولىدا بولسا ئەگەر تارتماس ئىدى مۇنداق جەفا.
ئاغا بولغان بۇ ئەلەمنى كۆرمەگەي ھېچكىم يانا،
دوستۇ دۈشمەن ئايتاشۇرلار ھەر كۈنى تەنگۇ تافا.
بىر خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم باشىغا بولماي پەناھ،
رەھم - شەفقەت يۈزىدىن قىلماس ئىدى ھېچكىم ئاغا.

ئاتاسى ئۆلگەن ئىدى ئالدىدا بار بەش بالاسى،
بۇ يەتىملەرنى باقالماي، يىغلار ئىدى چوڭ ئاناسى.
تولاسى ئاش قافىدۇر، كارغا كېلۇر ئازغىناسى،
بالالار تەڭ ئۈسۈپ ئەردى، بولسا ئىدىيۇ ئاتاسى.

ئۆي ئىچىدە بار ئىدى بىر كۆھنە تۇكسۇز كۆرەكى،
كەلسە ئالبان خەبەرىن، يارىلاردۇر يۈرەكى.
يېگەلى يوق، ئىچكەلى يوق ئۆيدە ئېشەكنىڭ خورەكى،
بالا - بارقاسىنى باقالماي، يىغلاشۇر ھەر كۈنلۈكى.

ئەھلى مەزھەب دېمەگىنىز باشتا سىپەچ بولغان بىلەن،
ئالاچە توننى كىيىپ، مەسچىتسارى بارغان بىلەن.
ئېلكىگە تەسبىھ ئالىپ، كەلىمەگۇي بولغان بىلەن،
جۇدى سەججادەنىشىن زىكرى سانا ئايتغان بىلەن.
ئەھلى مەئنى بولماسا، قىلسا ئەمەل تائەت دېمەڭ،
ئەسلى كارى دىلدادۇر، سەۋتۇ سادا قىلغان بىلەن.
زاھىرىغا باقماغىنىز، قىلغان ئىشى شەيتانىيدۇر،
زاھىرى سۇفىي نەمادۇر، ئاھۇ ۋاھ قىلغان بىلەن.
ئەھلى مەئنىي بولسا ئالىم، چۇن ھەقارەت ئەيلەمەڭ،
ھەرنە قىلمىش ئىشلارى جۇدۇ سەخا راستلىق بىلەن.

ئالىمىنى بىلسەڭىزلەر ھېچ ئىشى يالغان ئەمەس،
خابى ئالىم تەكيە قىلسا ھەر نەفەس زايىئ ئەمەس.
دائىما غەم بىرلەدۇر، ھېچ ۋەقتىدە غافىل ئەمەس،
ۋەقت ئۆتكەرمەي ئىبادەت ئەيلەگەي زارى بىلەن.

موللا ئالىم ئىككى تۈرلۈگ بولغۇسىدۇر ھەر قاچان،
بىرى فاجىر، بىرى ماجىر ئۆتكەسىدۇر بۇ جەھان.
فىسقۇ ئىسيان قىلغۇسىدۇر بولسا فاجىر ھەر زەمان،
تائەتى مەقبۇل ئەمەستۇر غەيرى شەرئىي ئىش بىلەن.
تەركى سۈننەت قىلماغاچ ھېچ ۋەقتىدە ئالىم كىشى،
ئالىمى ماجىر ئېرۇر قىلغان ئىشى شەرئى بىلەن.

ئەي خەلايىق، بىلسەڭىزلەر موللادىن ھەر ئىش كېلۇر،
يېمىگەي لۇقمە تەئام ئۆيىدە دائىم جان بېرۇر.
خاھ تۇرسا، خاھ يۈرسە كىشىدىن قىلغاي تەمەئ،
ئالدىغا كەلگەننى يەپ شۈكرى دېمەس تەۋبە بىلەن.

دەر ھەقىقەت تولا موللا بولغۇسى ھەيۋان سىفەت،
ھەر نە قىلغان ئىشلارى فىسقۇ فۇجۇر گۇمراھ بىلەن.
تۆر تالاشىپ موللالار جەمئىي كەسىردە ھەر قاچان،
قارنى تويسا كۆزى تويماس موللالىق قىلغان بىلەن.

تولاسى جاھىل ئېرۇر، كىبرى تەمەننالىق قىلىپ،
ھېچ كىشىنى كۆزگە ئىلماي ئۆزىنى موللا بىلىپ.
ئالدىغا كەلسە تەئام تالان ـ بولانغا قول سالىپ،
بولدى بەنناش بەئزى موللا بەئزىسى تامنى تېشىپ.

ھەم نامۇس قىلماي خەلايىق ئالدىدىن ناننى ئالىپ،
پىرى ئۇستاد ھەققىغە ئەيلەر خىيانەتلىك بىلەن.
ھەر كىشىكىم بولسا ئالىم، دىننى ۋەيران قىلماغاي،
دىننى ۋەيران قىلىپ سىيرەتدە ئىستىغنا بىلەن،
بۇل تىرىكلىككە ئىشەنمە، ئەيلەگىل زىكرى خۇدا.
زايىئ ئەتمە بىر نەفەسنى، قالسا نە مىقدار بىلەن،
غەيبەت ئەيلەر بەئزى ئالىم، بەئزىسى يالغان بىلەن.
نۇش ئېتەرلەر بەئزى ئالىم كىشىنىڭ ھەققى بىلەن،
ئۆمرى بازارىدا ئالغىل زۇھدۇ تائەت رەختىنى،

دىنۇ مەزھەبدە بولۇپ، تائەتتە جانۇ دىل بىلەن.
تۆت ياقاڭنى تەۋبە دەپ، دائىم خۇداغا يىغلاغىل،
كەلگۇسىدۇر بۇ ئۆلۈم يا ئەرتە يا ئاخشام بىلەن.
ساچ ئاقاردى، كۆز ياشاردى، ۋا دەرىيغا، ۋادەرىغ،
نە تەرىيقە بىرلە ئۆتتى بىلمەدىم غەفلەت بىلەن.
ئۆمر نەخلىغە كېلىپ تەگدى ئەجەلنىڭ سالقىنى،
پىشمايىن بولدى خەزان بۇل مىۋەھايى خام بىلەن.
نەزم قىلدىڭ موللا ئەلىي ياشىڭ ئۇلغايغانسارى،
تائەت ئەيلە ھەرقاچانكىم، تەۋبە ئىستىغفار بىلەن.

* * *

خانەقاھدا ياستانىپ ياتغان ئىدى تۆتيۈز سۇفىي،
ھەم بىكار ئاش نانىنى يەپ، مەسنەد ئۈزە جاھىل سوفىيي.
زاھىرىدا موللالىق، باتىنىدا دائىم كاچ سوفىي،
مەدخۇلى دەۋزەخ بولۇپ كەتتى بارىن لەئنەت بىلەن

ياتغان ئەردى خان خوجام بىر خانەقاھ پىنھان بولۇپ،
خۇنى ناھەق ئەيلەدى، بۇ موللالار جەمئىي بولۇپ،
نالە قىلدى موللالارغا خان خوجام گىريان بولۇپ،
رەھم قىلماي قەتل قىلدى ئول بەدەخشانلىق بىلەن،

تەۋبە دەڭلەر، ئەي خەلايىق، موللالارنىڭ ئىشىغا،
تاڭلا مەھشەر كۈنلەرى تۈشكەي ئەلەملەر باشىغا.
نىيم خىشتلارنى ئاتىپ، ياغدۇردى ئوقلار باشىغا،
قەتل قىلدى بۇ ئەزىزنى ھەم قارا يۈزلۈك بىلەن.

خان خوجام بولدى بەدەخشاندا شەھىد،
ھەم ئۇدۇنيا ھەم بۇدۇنيادا سەئىد.
نەھس كەلدى قوي يىلىدا خان خوجام بولدى شەھىد،
ئەشۇر ئايىنىڭ ئونى ئەردى خان خوجام بولدى شەھىد.

موللا ئەلىي، سەن ھەمىشە نەزم قىلدىڭ يازۇ قىش،
كەلمەگەي ئۆزگە كىشىنىڭ ئېلكىدىن ھەرگىز بۇ ئىش.
ئەقلۇ دانىش ھەر كىشىدە بولسا مۇنداغ سۆز دېمىش،
خەلقى ئالەم ئىچرە يول تاپغاي فەراسەتلىك بىلەن.

## شاھ ئۇرفەدە بولغان پەستۇ بەلەند ئىشلارنىڭ بەيانى

سۆز ئىشىتكىل، ئەي رەفىقا، باش ـ ئاياغ ئالىي جاناب،
ياخشى سۆزلەر ئايتايىن فانىي جەھاندىن بىھساب.
تولا ئەرلەر بولدى مەدفۇن ئۇشبۇ ئۇرفە ياقالاپ،
ئەۋۋەلىيدە سەككىز ـ ئون يىل بولدىلار ئاخۇند مىراب.
سىدقى دىل غەيرەت بىلەن ماڭدى كۆرۈك بۇ ئۇرفەدە،
راستلىغ ئەيلەپ ھەمىشە فىل ـ مەسەل بولدى مىراب.
ھەرقاچانكىم كۆرسە ئاجىز بىكەسۈۋۈ خوشنۇد ئېتىپ،
ھەق تەئالا بەرگۇسى بۇ فىئلىگە چەندان سەۋاب.
ھەرقاچانكىم چىقسا ئۆيدىن شۇ بۇ ئۆستەڭگە قاراپ،
خەلقلەرنىڭ ئالدىدا بولغاي مېنىڭ ھالىم خەراب.
توغرائارىقدىن باش كۆتەردى، بولدى توختە ئاخۇند مىراب،
نەچچە يىل بولدى، بىلىڭلار، خەلقىدىن ئۆزنى ئاياپ.
چوڭ ـ كىچىك ئىززەت قىلىپ، ئالدىغا چىقتى فىش باز،
كەڭرۈ ئۇرفە ئىشلارىنى پۈتكەرىپ بولدى مىراب.
نەفسىنىڭ خاھىشغا باقماي دائىما ھىممەت بىلەن،
غەيرى شەرئىي ئىشنى تاپسا قىلغاي ئەردى ئىھتىساب.
دىن ئىشىغا سەئيى قىلدى پارسالىق ئەيلەپان،
ئەمر مەئرۇف، نەھيى، مۇنكەر ئىشلارىنى ھەم سوراپ.
ئەقل بابىدا فەراسەتلىك بىلەن ئىشنى قىلىپ،
ئاخىرى يەتمەي مۇرادىغا كۆرۈك بولدى مەمات.
ئارقاسىدىن بولدىلار ئاجراتقۇدىن ئىيسا مىراب،
زور بازۇر ئىشلانى ھەددىدىن ئۆتكەردى ماراپ.
ھېچ كىشىنى كۆزگە ئىلماي، شىرى غەرراندەك ماڭىپ،
ھىممەتىغە ياستانىپ، غەيرەت بىلە بولدى مىراب.
نەفسى بەدنى ئىزدەمەي، سۈرئەت بىلە ماڭدى كۆرۈك،
زەررە سۇ ئاچقاننى كۆرسە، قىلغاي ئەردى مىڭ ئەزاب.
ناگەھان بىر موللا ئالىمنى تۇتۇپ رەسۋا قىلىپ،
ئەۋرەتنى ھەم ئاچىپ، سازايى قىلدى بىھساب.
بۇ ئىزا ـ كۈلفەت ئەلەمگە تاقەتى تاق بولدى تەڭ،
رەسىيمان سالدى بويۇنغا، يۈزىنى قانغا بوياپ.
ئاستىلار تۈغ شەددەگە ئۆزىنى مىڭ پارە قىلىپ،
ئالماساڭ جانىمنى بۇ دەم، قانلارىم شۇربۇ شەراب.
سەتر ئەۋرەت ھەم ئاچىلدى، چىقمادى جانىم مېنىڭ،
شەرمساز ئۇلدۇم، نېتەي، ئەمدى مېنىڭ ھالىم خەراب.

تاكى جان چىقماي، ئۆزۈمنى بۇ گىرەھتىن ئالماغۇم،
نالە ئەيلەپ ئەرز قىلىپ، بولدى دۇئاسى مۇستەجاب.
ئول خۇدانىڭ قۇدرەتى شول كۈن تۇتۇلدىلار كۆزى،
كالا ـ قوي نەزىر بېرىپ، دەرتكە دەۋا ئەلدىن سوراپ.
تەۋبە ئەيلەڭ، ئەي يارانلار، بۇل ـ ئەجەب، بۇ قاتتىغ ئىش،
ھەر كىشىنىڭ ئەۋرەتىغە گەر نەزەر قىلسا ئەزاب.
سەتر ئەۋرەت پەرزدۇر، ھەركىم قىلسا ئاڭا نەزەر،
پات ياقىن كۆرگەي ئۇقۇبەت، ھەم كۆزى بولغاي ھىجاب.
مەردۇ زەن بىئۆزرە ئەۋرەت ھەر قاچان قىلسا نەزەر،
پەردە باسقاي چەشمىنى ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.
بەئەزان بەشكەرمەدىن بولدى كۆرۈڭ جەۋار مىراب،
ھەم مۇلايىملىق بىلە خەلقنىڭ ھالىن سوراپ.
پىرلىق ۋەقتى ئىدى، ئولتۇرسا قوپماي ئورنىدىن،
سۆدرەلىپ ھەم قىينالىپ، بەش ـ ئالتە يىل بولدى مىراب.

ئارقاسىدىن سايىم ھاجىم بولدىلار ئۈچ يىل مىراب،
زەبتە قىلماي بىر كىشىنى بارھا ئۆزنى ئاياب.
بەگلەگە بەگلىك قىلىپ، ئۇششاقلارنى ئەيمەندۇرۇپ،
ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، باشتىن ـ ئاياقىقا پىقىراب.
ئەسلى نەسلى زاتىدىندۇر ھەر قاچانكىم چوڭ سىفەت،
نىيەتى خالىس ئۈچۈن ئالەم جەھان بولدى سىيراب.
ئۇشبۇ قىلغان ئىشلارىغا بارچە ئالەم خۇش بولۇپ،
زەررەئى خەشم ئەيلەمەي، بولغان ئىدى كامىل مىراب.
ئەي بەرادەر، نەزم قىلدىم دۇنيادىن ئۆتكەنلەنى،
رۇھى خۇشنۇد بولسا سەندىن، كۆرگەسەن بىھەد سەۋاب.

* * *

كۆرۈڭ، ئەھلى مۇسۇلمانلار، ئەشۇر ئاخۇند مىراب بولدى،
بۇ ئۇرفە باش ـ ئاياغدىن ھەممە كىشىلەر شادمان بولدى،
دىيانەتلىك ئۈچۈن دەرگاھى ھەق بەردى سۆنى باشدىن،
خۇداغا شۈكر ئەيلەپ، بىمەلال مالىك نىساب بولدى.

ئەقىدە ئەيلەگەچ دائىم، ھەمىشە ئاستانلارغا،
خۇدانىڭ ئىزنى بىرلەن بۇ جەھان ئەھلى سىيراب بولدى،
ئاتاسى مىڭ باشى مەممەتتوختە باي بۇ ئۇرفەدە مەشھۇر،
راسا قەد كۆركۈلۈگ ئادەم ئىدى، بىلسەڭ، مەزار بولدى.

كىشىنىڭ ئەسلى نەسلى زاتىدىن كۆركەم بولۇر چېھرى،
بىلىڭ، ئەھلى ھەمە ئالىم، كۆرۈڭ، ئوبدان مىراب بولدى،
مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەپ، دىلىدا كىبىر يوق ھەرگىز،
ئانىڭ قىلغان ئىشى بارچە خەلايىققا پىسەند بولدى،
بۇ ئالەم قەھەتلىكىدە تاقەتى تاق بولغان ھالەتدە،
نەسىب قىلدى خۇداۋەندىم مىرابلىقنى ئەتا قىلدى.

خەلايىق ئورلاشىپ خەتمە ئوقۇپ نەزرە بېرىپ يىغلاپ،
تەئەددي ئەيلەدىيلەر ھەر مەزار تۇغ شەددەنى تولغاپ،
كۆلا ئاغرامچى بىرلە نەچچە يەردىن بەللەرىڭ باغلاپ،
ياتارسەن نېگە مۇنداق ئاستانلارنىڭ ئاتىن بۇلغاپ،
ئەقىدە ئەيلەر ئەردۈك تولا يەرلەردە ئاتىڭ داغلاپ،
بۇ قىسمى سۆزلەرنى ئايتىپ مەزار بىرلە نىزائى بولدى،

تەئەسسىر قىلمادى ھەرگىز بۇ ئىشلارنى بېگىم ئاڭلاپ،
قاچانكىم كۆزگە ئىلماي ئۇرفەلىقنىڭ چاغىنى چاغلاپ،
بۇ ئۇرفە ئىشلارىنى نابكار بەدئەسلىگە تاشلاپ،
ئۆزىنىڭ نەفسىنى كۆزلەپ، بۇ يىل ئەمگەك بىكار بولدى.

تارىيغان ئارفا بۇغدايلار قۇرۇپ كەتتى تولا يەردە،
خۇداغا نالە ئەيلەپ، تولا خەلق بىخۇد نەما بولدى.
فەقىر موللا ئەلىي قارىي سىتايىش ئەيلەدىڭ بىھەد،
مۇنىڭدىن ئۆزگە ئىش قىلماي، بۇ نەزم ھەم تامام بولدى.

* * *

زىھىي بىر لەھزە غافىل ئولمايىن بۇ ئىش ئەدا بولماس،
ئەگەر بىر زەررەسىن ئاچسام بەيان دۇنياغا جا بولماس.
يىقىلدى دۇم چۇشۇپ ياتتى، نە بولدى دېمەدى ھېچ كىم،
زەرەرلەرگە ئەلەم تارتىپ، فىتىپ دەفتەر قىلىپ بولماس.
بۇ يىل ئۇرفەدە كەفسەنگە تۇشلۇق ئالمادى بۇغداي،
تارىغان ئارفا ـ بۇغداي ئۇشبۇ يىل كەفسەن بېرىپ ئاشماس.
بۇ ئالغان باش ـ ئاياغ كەفسەننى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ،
ھەياۋۇ ئەدل يوق ھەرگىز، رەئىيەتلەر ئەمان تاپماس.
نىشاتۇ كامىران بولماقغا ئوتتۇز يەتتە يىل بولدى،
تۇمەن بۇغداي، قوناق، كەفسەننى يەپ، ھەرگىز بېگىم تويماس.
ئەلەم تارتىپ، يۈرەك كۆيمەس، قارا كۆزدىن تۆكۈلمەي ياش،

قازاننىڭ ئاستىغا ئوت ياقماغۇنچە قايناتىپ بولماس.
ھەمە ئۇششاق رەئىيەتلەر غەنەمۇ گاۋ سىفەتدۇرلار،
مەئانىي سۇستلۇغىدىن ھېچ قاچان زەررە قازان تاشماس.
بۇ ئۇرفە باش ـ ئاياغدا ئىئتىمادلىق بىر ئادەم يوقتۇر،
بۇ تۇرلۇگ بولغانىدىن زەررەچە كىشدىن ھەيا قىلماس.
دەرىغا، ۋادەرىغا، بارچە ئادەملەر ئۆتۈپ كەتتى،
كى تا ئۆلمەي نېچۇك ئادەم بۇ دۇنيادا ئەمان تاپماس.
تاپىپ بىر دەردمەندىي، ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلاسام دەردىم،
بۇ ئۆتكەن داغ دەردى ئىشلانى تىزسام بەيان سىغماس.
تۇنۇ كۇن جەھد ئەيلەپ ئاخىرەتنىڭ تەۋبەسىن قىلغىل،
ئەزىز جان ئاچچىغىنى موللالار كۆرمەي نە خان قالماس.

* * *

ئەي خەلايىق، تەۋبە ئەيلەڭ، ئۇشبۇ يىلدا بىھىساب،
نەھس كەلدى ئۇشبۇ يىل، بولماس دۇئالار مۇستەجاب.
ھېچقاچانكىم بولماپ ئەردى خەلقغە مۇنداغ قىيىن،
بولماغان ئەردى قەدىمدىن ئۇرفەغە ئىككى مىراب.
بىر ـ بىرىدىن قىزغانىپ، فاسىد خەياللارنى قىلىپ،
ئۇشبۇ ئىشلار توغراسىدىن خەلقنىڭ ھالىي خەراب.
مۇرغى بىريان قىرغاۋۇلۇ قەند ـ شەكەر، ھەلۋانى يەپ،
توققۇز ئۆستەڭ كانىغا بولدى كۆرۈڭ تالىب مىراب.
ئاھۇ بەررە ھەم بۇغى گىردىدە تۇرغاي ھەرقاچان،
قول ئۇزارتماي، چۇن ئىشارەت قىلسا كەلگەي فىيقىراپ.
سۇيى يوق ئىشقۇل، تاغارچىدا قۇرۇق ئابروينى دەپ،
ئۇشبۇ ئىشقۇل تۆبەنىگە بولدىلار قادىر مىراب.
ئەرتەيازنىڭ بۇ يانىدا ئابى جارىي كۆرمەدۇك،
نەفسى بەدنىڭ خاھىشىنى كۆزلەدى بولغان مىراب.
سەرەتان بىرلە ئەسەد چىقتى، كۆرۈڭ، ياز بولدى تەڭ،
بۇ قىيىن بىرلە ئەلەمگە، خەلقنىڭ ھالى خەراب.
يىغا زارى تولا بولدى، ھەر مەزارەتدە تۇنەپ،
خۇش كېلىپ ياتتى ئەزىزلەر ئاستانلارغا قاراپ،
دېمەدىلەر چوڭ ـ كىچىك، بۇلدۇر ئەجەب، بۇ قاتتىغ ئىش.
تەۋبە ئەيلەپ يىغلايمىز، بارچەڭىزلەر بولما خاپ.
گەر ۋۇزۇ ئەيلەي دېسە مۇھدەسكە يوقتۇر زەررە سۇ،
بارچە ئالەم ھەم بەھايىمغا تولا بولدى ئەزاب.

ئابى مەشكۇبدە كىشى قىلسا تەھارەت ھەر قاچان،
ئۈستىگە قىلغاي تەيەمۇم ئەيلگەي، بەرگىل جەۋاب.
ئەي ئەزىزلەر، كۆرسەتكىزلەر زاھىرى ئادەم سىفەت،
باتىنىدىن زەھرۇ زەققۇم تۆكۈلۈر بولغان مىراب.
كۆرگۈمىزدۇر، ئەي خەلايىق، بىر بەلايى ناگەھان،
كەمبەغەل، مىسكىن، غەرىبلەرغە تولا بولدى ئەزاب.
دەرزى خۇمدان بارغا ئوخشايدۇ، مىرابىنىڭ زاتىدا،
ئۇشبۇ ئىش يالغان ئەمەس، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.

## شائىلوچىغا چارەك ئۈستەڭدىن باش ئالغان ھالەتدە موللا بېگىم ناھايىتى كۆڭۈل قويغانلىرى

سۇلتانئاباد ئۈستەڭىگە كۆكچىبىقدىن باش ئالىپ،
موللا بەگكە شەن ئۆزى گۆك سالغالى يارلىق قىلىپ.
يېڭى شەھەردىن چىقتى ئامبان بالا بارقاسىن ئالىپ،
موللا بەگنىڭ دېگەنىچە نەچچە كۈن ئۈستەڭ چاپىپ.
ئالدى بىر ئاي، كەينى قىرىق كۈن، شۇبۇ غىلڭ سايدا ياتىپ،
ئىسمۇ يادى شۇبۇ بولدى باش ئاياغىنى چاپىپ،
كۆپ ئەقىدە قىلدالار شائىلوچىغا ئۈستەڭ چاپىپ.
خاتىرىدىن چىقتى مۇتلەق ئۇرفەنى تاشلاپ ئاتىپ،
ھەر تەرەفتە خەلقلەر بىر - بىرىگە غەۋغا قىلىپ.
تارىغان زەربۇ زىرائەت بارچەسى قولدىن كېتىپ،
دورغاسىدىن مۇنى ئاڭلاپ، توققۇز ئۈستەڭگە قاچىپ.
شۇبۇ تەڭلىك كۈنلەرىدە، قەۋمى شەھىيداندا ياتىپ،
جانۇ دىل بىرلە خۇداغا ئاھۇ ۋالارنى قىلىپ.
خالىسەن لىللاھ ئۈچۈن بۇ ئاستانىغا كۆز تىكىپ،
بارچەنىڭ ئەھۋالىن ئول، بىرۇ بارغا ئەرز ئېتىپ.
لەب تەشنە ئاچۇ زارۇ مەستۇ مۇستەغرەق ياتىپ،
ئامۇ خاسنىڭ ھەققى ئۈچۈن، نەچچە ۋەقت گىريان بولۇپ،
بىر زەمان راھەت ئالالماي، ئىنتىزارلىقدا تۇرۇپ.
غەم بىلەن قايغۇ ئەلەمدە، ئاستانىغا باش قويۇپ،
ئۇل خۇدانىڭ قۇدرەتى، مەۋج ئۇردى دەريالار تولۇپ.
باش ئاياغدا بارچە ئالەم، بىنىھايەت خۇش بولۇپ،
ئالتە كۈننىڭ ئىچىدە، ئەھلى جىھان سىيراب بولۇپ.
بۇ بېگىمنىڭ ئارقاسىدىن، دورغالار بىللە كېتىپ،
ئۆيدە بولسا يوقلار ئەردى، شۇبۇ ئۇرفەغە چىقىپ.

سەمەد ئاخۇن بولسا ئەردى، ئالا ئات ئۈزرە مىنىپ،
ئاز تولا كەلگەن سۇنى، ئۆز ۋاقتىدا خەبەر ئالىپ.
خەلقى ئالەم ھەركۇنى، يامۇن ئىچىگە لىق تولۇپ،
فىتنە ئەنگىز تولا ئەردى، ئاخىرىدا پەست بولۇپ.
شۇبۇ تەڭلىك كۇنلەرىدە، بارمىدۇ ماڭا ھەبىب،
بارچە غىم ـ ئەندۇھنى ئايتاي دېسەم، يوقتۇر تەبىب.
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە، بىردەم ئالمايىن راھەت ئالىپ،
دەشتۇ سەھرا چۆللەردە دائىم خۇدانى ياد ئېتىپ.
جەزبەئى ئىشقىنىڭ ئوتى تەگدى، يۈرەكلەرى ئاقىپ،
نالىشىدىن نالىش ئەتتى، سەنگى خارا سۇ ئاقىپ.
خەلقلەر ئەھۋالىدىن ۋاقىف بولۇپ، جاندىن كېچىپ،
ئامۇ خاسىنىڭ ھالىنى، ئول بىرۇ بارغا ئەرز ئېتىب.
ئاچۇ زارۇ تەشنەدۇرمەن ھەم زەئىفۇ ھەم غەرىب،
قۇدرەتىڭ كۆپدۇر، خۇدايا، بەندەنى خۇشنۇد ئېتىپ.
ھالى زارىمنى ئۆزۈڭ بىلدىڭ، بۇ تەڭلىكدىن چىقار،
تاغۇ دەشت ئۈزرە تۇرۇپمەن، ئاھۇ ۋاۋەيلا قىلىپ.
چۆيرۇلۇپ بۇ چەرخى كەجرەۋ، گاھى ئوڭغا گاھى سول،
ئىئتىماد ئەتمە، يارانلار، سەن ئاڭا مەغرۇر بولۇپ.
ھېچكىشى يەتكەن ئەمەسدۇر دۇنيانىڭ سىر ھەددىغە،
ياش ئاياللاردەك يۇگۇرمە، سۇ تېگىن ئاھۇ كۆرۈپ.
بارچەنىڭ ئەھۋالىغا بولدى سەبەب، بېگىم ئۆزى،
ھەق تەئالا رەھىم ئېتىپ، بەردى لەبا لەب تاشۇرۇپ.
تولا ئادەم بىلمەگەيلەر بۇ بېگىمنىڭ قەدرىنى،
بۇ جاھان ئەھلىغە مۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ.
كېچە ـ كۇندۇز توختاماي ئاقتى، كۆرۈڭ، ئەلدىن ئاشىپ،
بەئزىدە ئۆستەڭگە فاتماي، تولا يەرلەردىن تاشىپ.
بۇ بېگىمنىڭ قەدرىنى بىلمەس كىشىلەر ھېچ قاچان،
توختاماسلىقىنىڭ ئىلاجىنى بېگىم ئۆزى قىلىپ.
ھەم ئۇلۇغ دەريا ئىچىنى نەچچە قاتلا بەركىتىپ،
كۆرسەڭىزلەر، ئەي خەلايىق، ئۇشبۇ ئىشغە باش قاتىپ.
ھەرقاچانكىم تاپغانىنى ئۇشبۇ يەردە سەرف ئېتىپ،
خالىسەن لىللاھ ئۇچۇن دەرگاھى ھەقغە كۆز تىكىپ.
نەزم قىلدى موللا ئەلىي كېچە كۇندۇز فىكر ئېتىپ،
ھەر سەھەر ئەرتە قوپۇپ، قىلغان گۇناھىن ياد ئېتىپ.

* * *

سۇلتانئاباد گەپى چىقتى، بارچە ئالەم دالڭ كېتىپ،
كەم ئەقىل، نادان كىشى، شاڭلۇچەنى تەئرىپ ئېتىپ.
شۇنچە ئوبدان يەرمىكىن دەپ، ئىچىگە ئوتلار كېتىپ،
خام خىياللارنى قىلىپ، ئۆي بارقىنى ئەرزان ساتىپ.
ھىرفەگەرلەر، كاللافەز، ئاشفەز بىلە نانۋاي چىقىپ،
بالا بارقا ئورلاشىپ، ھەر كۆنلۈكى ناننى ياقىپ.
ھېچ كىشى ئالماي بۇ نانلارنى، تەمام تاشدەك قاتىپ،
ئوغرى قوپماستا قوپۇپ، باشلارىنى تامغا چاقىپ.
مۇنى ئاڭلاپ، لولىيە تۇڭگانى تەيتەينى ئالىپ،
شادلىقتىن تەنگە پاتماي، بارغۇچە مىزمار چالىپ.
ئەجر قىلدىلار تولا يەرنى تۇتۇپ قىرغا ئالىپ،
ئوسا قىلغان يەرلەرى، بىر يىلغىچە كىرسە فاتىپ.
ھەر تەرەفكە قارلادىلار، بىر ئېگىز دۆڭگە چىقىپ،
ئاخىرى ھەيران بولۇپ، تاشلاپ بۇ يەرلەرنى كېتىپ.
تەيتەيى نازۇك بەدەن ئەئزاسىنى پەششە چاقىپ،
تاقەتى تاق بولدىلار، ئاخىر بۇ يەرلەردىن قاچىپ.
ئارقاسىدىن لويە ماڭدى، خالتا ـ خالتۇسىن ئالىپ،
قالمادى تۇڭگانە ھەم تاشلاپ بۇ يەرلەردىن كېتىپ.
ئۇشبۇلار كەتكەننى ئاڭلاپ، تولا ئادەملەر قاچىپ،
ھەرنە قىلغان ئەمگەكى زايىئ بولۇپ، لايغا فاتىپ.
تولا ئادەم ئەجر قىلدى، ھېچنېمە بولماي قالىپ،
دانەئى تۇخمىن ئالالماي، ئاز تولا پۇلغا ساتىپ.
بەئزى نادان، كەمبەغەللەر ئەسكى يەرلەرنى ئالىپ،
تارىغان ھەرنە زىرائەتنى تەمام ساچقان كېسىپ.
بەئزىلەر ھويلى ئىمارەت سالدىلار باغلار ئېتىپ،
رەخنى ئەيلەر ھەر تەرەفتىن، ئاخشامى ساچقان تېشىپ.
مۇنى بىلگەن ئادەمىيلەر، تولاسى پۇلغا ساتىپ،
ھەم بىكار بولدى بۇ يەردىن، قولغا كەلگەننى ئالىپ.
موللا ئەلىي، سەن ھەمىشە ئۆتكەن ئىشنى ياد ئېتىپ،
ھەددىن ئارتۇق سۆزلەنى، نەزم بىلەن كىتاب قىلىپ.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

خلایق

[illegible]

















[illegible]







(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى باشقارمىسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ

# ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزمىي شېئىرلىرىدا ئارۇز ۋەزنى

ھېچقانداق مەنبەدە تىلغا ئېلىنمىغان ۋە كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا ئاساسەن مەلۇم بولمىغان، 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گىگانت ۋەكىلى ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزمىينىڭ ھاياتىغا ئائىت ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىز پەقەت شاھرۇخنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىبراھىم (1394 ــ 1435) ۋاپاتىغا يازغان تەركىببەندىگە ئاساسەن، شائىرنىڭ 1435 ـ يىلى تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا دىۋانىدا ئىپادىلەنگەن تىلىنىڭ بىر قەدەر قەدىمىيلىكى، خاقانىيە تىلى يادىكارلىقلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان، 14 ـ ئەسىردىكى بىر قىسىم يازمىلاردا قىسمەن ئۇچرايدىغان «ڤ» تاۋۇشىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئوغۇز ـ قىپچاق ئېلېمېنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، ئۇنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە ياشىغانلىقىنى ۋە خېلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى تەخمىن قىلىمىز. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ خارەزملىك ئىكەنلىكى ۋە كېيىن شىرازغا كەتكەنلىكى مەلۇم.

شائىرنىڭ 1112 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىۋانىنىڭ ھىندىستان ھەيدەرئابات سالارجەڭ مۇزېيىدا «4298» دېگەن رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان يېگانە نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، يازمىنى ئۆزبېك ئالىمى پىروفېسسور، دوكتور ھەمىد سۇلايمان 1975 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يەكشەنبە كۈنى بايقىغان①. دىۋاندا 1046 تۈركىي غەزەل، 31 قىتئە، 12 رۇبائىي، توققۇز قەسىدە، ئۈچ تەرجىئبەند، ئىككى تەركىببەند، ئىككى مۇستەزاد، بىر مۇخەممەس ۋە ئالتە پارسچە غەزەل ئورۇن ئالغان. ئەسەر ھەجىم جەھەتتە نەۋائىينىڭ «خەزايىنۇل مەئانىي»سىدىن قالسىلا، ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىككىنچى چوڭ دىۋان ھېسابلىنىدۇ. پىروفېسسور ھەمىد سۇلايمان بۇ بۈيۈك ئەسەرنى بايقىغاندىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق يازىدۇ: «قول يازمىنى خەزىنىدىن چىقىرىپ، قولۇمغا تۇتقۇزغىنىدا مېنى ھاياجانغا سالغان نەرسە دىۋانىنىڭ ئۆزبېك (ئەسلىي چاغاتاي بولۇشى كېرەك ــ نەقىلچىدىن) تىلىدا ئىكەنلىكى بىلەن كاتتا ھەجمى ئىدى... ئۇ قوليازمىلار ئالىمىدە ئىنتايىن كەم تېپىلىدىغان ۋە مېنىڭ شەرق قول يازمىلىرىنى ئۆگىنىشتىكى 40 يىللىق تەجرىبەمدە تۇنجى ئۇچرىغان بىباھا گۆھەردەك تۇيۇلدى»②. ھەقىقەتەن ئالىمنىڭ بۇ پىكىرلىرى ئىنتايىن ئورۇنلۇق ئىدى. بىز بۇ قېتىم دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ ۋەزنىنى بىرمۇبىر ئايرىپ، باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، پىروفېسسور ھەمىد سۇلايماننىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىغا يانداشقاندەك بولدۇق، يەنى دىۋان ۋەزىن جەھەتتىمۇ بىر خەزىنە ئىدى.

دىۋاننىڭ تۇنجى نەشرى تېكىستولوگ ھەمىد سۇلايمان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان③، ئەمما بۇنىڭدا بەزىبىر قىسقارتىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، دىۋان تولۇق چىقماي قالغان. كېيىن پىروفېسسور، دوكتور رەجەپ توپارلى دىۋاننى تولۇق تەييارلاپ، فاكسىمىلى بىلەن قوشۇپ ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇردى④.

①② Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, Тошкент, 1981, 1-китоб , 5-бет.
③ Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, 2китоб, Тошкент, 1981.
④ Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998.

دىۋاندا قوللىنىلغان ۋەزىنلەر توغرىسىدا دەسلەپ پىروفېسسور رەجەپ توپارلى مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، 10 بەھرنىڭ 22 ۋەزنى قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[1]. ئالىم بۇ ئەمگىكىدە مىسرا ئاخىرىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق يېپىق بوغۇملار بىلەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن قاتار كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغان. ھافىز دىۋانىدىكى شېئىرلارنىڭ ۋەزنىنى يەنە ئۆزبېك ئارۇزشۇناسى ئەنۋەر ھاجىئەھمەدوف مەخسۇس تەتقىق قىلغان بولۇپ، قىسقارتىلغان تاشكەنت نەشرىگە ئاساسەن، دىۋاندىن توققۇز قەسىدە، سەككىز قىتئە، ئۈچ رۇبائىي، ئۈچ تۈركىي غەزەل، ئالتە پارىسچە غەزەل ۋە بىر تەركىببەند ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ، ئۇنىڭدا توققۇز بەھرنىڭ 53 ۋەزنى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بىز بۇ قېتىم دىۋاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازمىسى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى نەشرىگە تايىنىپ، ئەسەردە رەمەل، ھەزەج، مۇزارىئ، مۇجتەس، رەجەز، خەفىف، مۇنسەرىھ، سەرىئ ۋە مۇتەقارىبتىن ئىبارەت توققۇز بەھرنىڭ 56 ۋەزنىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى ئېنىقلىدۇق ۋە شائىرنىڭ ماھارىتىنى تەتقىق قىلدۇق. شائىر ئىجادىدا رەمەل بەھرى[3] ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ھەم «رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف»[4] ۋەزنى ئەڭ ئاكتىپ ۋەزىن بولغان. رەمەلدىن كېيىن ھەزەج[5]، مۇزارىئ[6] ۋە مۇجتەس[7] بەھرلىرى تۇرغان بولۇپ، بۇ تۆت بەھردە جەمئىي 958 پارچە شېئىر يېزىلغان. قالغان بەش بەھر[8] دە 154 پارچە شېئىر ئىجاد قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر ئۆزىگىچە بولغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆرۈلمەيدىغان بەزى ۋەزىنلەرنى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرگەنلىكى بىلەن پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە شۇ ۋەزىنلەر بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

1. رەمەلى مۇسەددەسى مەخبۇنى مەقسۇر (2 پارچە)

فائىلاتۇن فەئىلاتۇن فەئىلان

~ V V / — — V V / — — V —

2. رەمەلى مۇسەددەسى مەخبۇنى مەھزۇف (1 پارچە)

فائىلاتۇن فەئىلاتۇن فەئىلۇن

— V V / — — V V / — — V —

3. ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەمى ئەخرەبى سالىمى ئەبتەر (رۇبائىينىڭ بىر مىسراسى)

مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن فەئ

— / — — — V / V — — / — — —

4. خەفىفى مۇسەممەنى مەخبۇن (1 پارچە)

---

① Recep TOPARLI, Harezmli Hafiz'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.13. پىروفېسسور رەجەپ توپارلى دىۋاندىكى 26 پارچە شېئىرنىڭ ۋەزنىدە يېڭىلگەن، شۇنداقلا ئالتە پارچە پارىسچە غەزەلنىڭ ۋەزنىنى كۆرسەتمىگەن.

② Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ. Навоий арузи нафосати. Тошкент, 2006, 30-бет.

ئەنۋەر ھاجىئەھمەدوف دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ بەھرلەرگە كونكرېت ئايرىلىشىنىمۇ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ھەزەج بەھرىدە 296 پارچە، رەجەز بەھرىدە 55 پارچە، رەمەل بەھرىدە 355 پارچە، مۇنسەرىھ بەھرىدە 11 پارچە، مۇزارىئ بەھرىدە 165 پارچە، مۇجتەس بەھرىدە 130 پارچە، سەرىئ بەھرىدە 12 پارچە، خەفىف بەھرىدە 45 پارچە ۋە مۇتەقارىب بەھرىدە 14 پارچە.

③ دىۋاندا رەمەل بەھرىدە يېزىلغان 363 پارچە شېئىر بار.

④ بۇ ۋەزىندە 131 پارچە شېئىر يېزىلغان.

⑤ دىۋاندا ھەزەج بەھرىدە يېزىلغان 304 پارچە شېئىر بار.

⑥ دىۋاندا مۇزارىئ بەھرىدە يېزىلغان 153 پارچە شېئىر بار.

⑦ دىۋاندا مۇجتەس بەھرىدە يېزىلغان 138 پارچە شېئىر بار.

⑧ دىۋاندا رەجەز بەھرىدە 58 پارچە، خەفىف بەھرىدە 49 پارچە، مۇنسەرىھ بەھرىدە 20 پارچە، سەرىئ بەھرىدە 14 پارچە ۋە مۇتەقارىب بەھرىدە 13 پارچە شېئىر بار.

فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن

— V — V / — — — V V / — V — V / — — — V V

5. مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەۋقۇف (4 پارچە)

مۇفتەئىلۇن فائىلۇن مۇفتەئىلۇن فائىلان

~ V — / — V V — / — V — / — V V —

6. مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەنھۇر (2 پارچە)

مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فەئ

— / — V V — / V — V — / — V V —

7. مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەجدۇئ (2 پارچە)

مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فائ

~ / — V V — / V — V — / — V V —

8. مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر ( 1پارچە)

فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن فەئۇۋل

~ V / — — V / — — V / — — V

9. مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم ( 5پارچە)

فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن

— — V / — — V / — — V / — — V

10. مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مۇسەببەغ ( 1پارچە)

فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن فەئۇۋلۇن فەئۇۋلان

~ — V / — — V / — — V / — — V

هافىز خارەزمىي بۇ ۋەزىنلەردىن مۇتەقارىب بەھرى ۋەزىنلىرىنى لىرىك شېئىرىيىتىمىزگە، قالغانلىرىنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىردى. ئېيتىش كېرەككى، بۇ ۋەزىنلەردىن «خەفىفى مۇسەممەنى مەخبۇن»، «مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەجدۇئ»لارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى يېگانە نەمۇنىسى پەقەت هافىز خارەزمىي دىۋانىدىدۇر.

خەفىف بەھرى ۋەزىنلىرى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا ئىجادىيەتتە ئالتىلىك (مۇسەددەس) شەكلىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ شۇ بويىچە ئىشلىتىپ كېلىنگەنىدى. بۇ بەھرنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىجادى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا كىرگەن بولۇپ، ئالتىلىك شەكلىدىكى سەككىز ۋەزىندىن كەڭ پايدىلىنىلغانىدى. ئەمدى بۇ بەھرنىڭ سەككىزلىك (مۇسەممەن) شەكلىگە كەلسەك، ئۇنىڭ «مۇسەممەنى مەخبۇن» ۋەزىنىنىڭ پەقەت ئارۇز نەزەرىيەسى كىتابلىرىدىلا تىلغا ئېلىنىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. پارس ـ تاجىك نەزەرىيەچىلىرىدىن شەمسى قەيسى رازىي ئۆزىنىڭ «ئەل مۇئجەم فى مەئايىرى ئەشئارىل ـ ئەجەم»[1] ئەسىرىدە، نەسىرۇددىن تۇسىي «مىئيارۇل ئەشئار»[2]ىدا، مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىي «رىسالەئى ئەرۇز»[3]دا بۇ ۋەزىندىن مەلۇمات بەرگەن، شۇنداقلا شەمسى قەيسى رازىي بىلەن جامىي بۇ ۋەزىندە پەقەت رۇدەكىينىڭ بىر قىتئە[4]

---

① Шамси Қайси Розӣ, Ал-Мўъҷам, ҳозиркунандаи чоп Урватулло ТОИРОВ, Душанбе, 1991, 140.

② Насируддини Тўсӣ, Меъёр-ул-Ашъор, таҳияи Урватулло ТОИРОВ, Мирзо АБДУЛЛОЕВ, Раҳмуддини ҶАЛОЛ, Душанбе, 1992, 89.

③ Абдураҳмони Ҷомӣ, Рисолаи Арўз, таҳияи Абўбакр ЗУҲУРИДДИНОВ, "Абдураҳмони Ҷомӣ, Осор" дар ҳашт ҷилд, ҷилди ҳаштум, Душанбе, 1992, 89.

④ «رىسالەيى ئارۇز»دا غەزەل دېيىلگەن.

يازغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ئانچە يېقىملىق ئەمەسلىكىنى، مەتلەئىنىڭ بولسا:

گەر كۇنەد يارىيى مەرا بەغەمى ئىشقى ئان سەنەم
فائىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن
—V—V / — —VV / —V—V / — —V—
بىتەۋانەد زۇدۇد زىن دىلى غەمخارە زەنگى غەم
فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن
—V—V / — —VV / —V—V / — —VV

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ①. تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا بۇ ۋەزىن توغرىسىدا دەسلەپ شەيخ ئەھمەد تەرازىي مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، «فۇنۇنۇل ـ بەلاغە» ئەسىرىدە بۇ ۋەزىنگە بىر ئىجادىي مىسرا كۆرسەتكەن②. كېيىن زەھىرۇددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ ئۇچۇر بەرگەن بولۇپ، رۇدەكىينىڭ بۇ ۋەزىندە بىر غەزەل يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ③. بابۇرنىڭ بۇ بايانلىرى جامىينىڭكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولۇپ، پەرىزىمىزچە بابۇر بۇنى جامىي «رىسالە»سىدىن ئالغان بولۇشى كېرەك. ئەپسۇس، جامىي «رىسالە»سىگە نەزىرە يېزىش ئارقىلىق يارىتىلغان «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا ئەلىشىر نەۋائىي بۇ ۋەزىن توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەيدۇ④. يەنى نەۋائىي خەفىف بەھرى ۋەزىنلىرىدە بۇ ۋەزىننى قىسقارتىۋەتكەن. بەلكىم بۇمۇ بۈيۈك شائىرنىڭ ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزمىي ئىجادىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى بولۇشى مۇمكىن. بىز ئەمدى بۈگۈنكى دەۋر ئارۇزشۇناسلىقىغا قارىساق، پارس ـ تاجىك ئالىملىرىدىن بەھرام سىيرۇس⑤، پەرۋىز ناتىل خانلەرىي⑥، ئۇرۋەتۇللا تايىروف⑦، مىسباھىددىن نەرزىقۇل⑧، ئىران ئازەرىي تەتقىقاتچىسى سەمەد رەھمانىي خىياۋىي⑨، ئۇستازىمىز دوكتور زەمىر سەئدۇللازادە⑩ ۋە ئېلىمىز خەنزۇ تەتقىقاتچىسى مۇ خۇڭيەن⑪ قاتارلىقلار بۇ ۋەزىننىڭ پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى ۋە رۇدەكىي، جەلالىددىن رۇمىي، مىرزا بېدىل ئىجادىيىتىدە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەھرام سىيرۇس، زەمىر سەئدۇللازادە، مىسباھىددىن نەرزىقۇل يەنە خەفىف بەھرىنىڭ پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا ئاساسەن مۇسەددەس شەكلىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى ۋە رۇدەكىينىڭ مۇسەممەن شەكلىدە پەقەت بىرلا شېئىر يېزىپ باققانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ⑫. بۇلاردىن بىز خەفىف بەھرىنىڭ مۇسەممەن شەكلىنىڭ پارس ـ تاجىك

---

① Шамси Қайси Розӣ, Ал-Мӯъҷам, ҳозиркунандаи чоп Урватулло ТОИРОВ, Душанбе, 1991, 140; Абдураҳмони Ҷомӣ, Рисолаи Арӯз, таҳияи Абӯбакр ЗУҲУРИДДИНОВ, "Абдураҳмони Ҷомӣ, Осор" дар ҳашт ҷилд, ҷилди ҳаштум, Душанбе, 1992, 89.

② شەيخ ئەھمەد خۇدايداد تەرازىي: «فۇنۇنۇل بەلاغە» (1581 ـ يىلى مىرھەسەن ئەلمۇسەينىي كۆچۈرگەن)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلىيان كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا، Elliott 127. رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا، 130b ـ بەت.

③ Заҳириддин Муҳаммад Бобир, Мухтасар. Нашрга тайёрловчи Саидбек ҲАСАН, Тошкент, 1971, 107-бет.
④ Kemal ERASLAN, Alî-şîr Nevâyî, Mizânu'l-evzân, TDK Yayınları, Ankara, 1993.
⑤ Баҳром СИРУС, Арӯзи Тоҷикӣ, Душанбе, 1963, 164.

⑥ پرویز ناتل خانلری، وزن شعر فارسی، تهران، ۱۳۴۱، ۱۹۰.

⑦ Урватулло ТОИРОВ, Фарҳанги истилоҳоти Арӯзи Аҷам, Душанбе, 1991, 440; Урватулло ТОИРОВ, Мирзо СОЛЕҲОВ, Барот ЛАТИФОВ, Мавлавии Рум хуб бидонад арӯз, Душанбе, 2007, 42.
⑧ Мисбоҳиддини НАРЗИҚУЛ, Муқаддимаи шеършиносӣ, Душанбе, 2004, 53.

⑨ صمد رحمانی خیاوی، مقایسهٔ عروض فارسی و آذربایجانی، تبریز، ۱۳۷۹، ۱۳۷.
⑩ زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 448 ـ بەت.

⑪ 穆宏燕:"波斯古典诗学研究",昆仑出版社,2011年版,第354页。

⑫ Баҳром СИРУС, Арӯзи Тоҷикӣ, Душанбе, 1963, 164; Мисбоҳиддини НАРЗИҚУЛ, Муқаддимаи шеършиносӣ, Душанбе, 2004, 53;

زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 443 ـ بەت.

شېئىرىيىتىدىمۇ ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت رۇدەكىي بىلەن رۇمىينىڭ بىر پارچىدىن شېئىرى يېزىپ باققانلىقىنى، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋردە ئىجادىيەتتىن قېلىپ قالغانلىقىنى بىلىمىز. شۇ سەۋەب پارس ـ تاجىك ئارۇزى نەزەرىيەلىرىنى ئاممىباب چۈشەندۈرۈپ، ئىجادىيەتتە كۆپرەك قوللىنىلغان ۋەزىنلەرنى كۆرسەتكەن ئۆزبېكىستان تاجىك ئالىمى شائىسلام شامۇھەممەدوف بۇ ۋەزىننى تىلغا ئالمايدۇ[1]. بىز تۈركىي تىللىق ئارۇزشۇناسلاردىن ئۈممەت تۈيچىيېف[2]، سەمەد زۇھۇرىي[3]، خالۇك ئىپەكتەن[4]، سەئىدبېك ھەسەنوف[5] ۋە ئەنۋەر ھاجىئەھمەدوف[6] تەتقىقاتلىرىغا نەزەر سالساق، خەفىف بەھرىنىڭ مۇسەممەن شەكلى توغرىسىدا ھېچقانداق بايان تاپالمايمىز. دەرۋەقە، خەفىف بەھرىنىڭ مۇسەممەن ۋەزىنلىرىدىن «خەفىفى مۇسەممەنى مەخبۇن»نىڭ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا پەقەت ھافىز خارەزمىي دىۋانىدا يېگانە ئۈلگىسى بار بولۇپ، بۇنى ھەتتا ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئىجادىيىتىدىمۇ ئۇچراتمىغاندۇق. ئەپسۇس، شائىر دىۋانىنى تەتقىق قىلغان ئالىملاردىن رەجەپ توپارلى[7] بىلەن ئەنۋەر ھاجىئەھمەدوف دىۋاندىكى بۇ ۋەزىننى بايقىمىغان. ھافىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئاجايىپ ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شېئىرى دىۋاندىكى 245 ـ غەزەل بولۇپ، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

نې جەفاكىم ماڭا ئوشول بويى سەرۋى بەلەند ئېتەر
بارى جەۋرىنى جان بىلە كۆڭۈلۈم بەس پەسەند ئېتەر
كىشىكىم دەردمەند ئېرۇر ماڭا خوش كۆرۈنۈر تېپىۋ
غەمىنىڭ ئوتىنا ياقىپ مېنى بەس دەردمەند ئېتەر
ئېلكىنە شانەنى ئالىپ بۇ زەمان زۇلفىنى تارار
مەگەر ئول زۇلفى سەركەشىنى ئۈزاتىپ كەمەند ئېتەر
سەرى زۇلفىن كۇشادە چۈن قىلىبان دەرھەم ئېيلەدى
ئۆش ئانىڭ بىرلە نەچچەلەرنى بۇ دەم پايبەند ئېتەر
كۆلگەن ئارا شەكەر ساچار لەبى شىرىنى دەمبەدەم
لەبى لەئلى بىگىن سۆچى ھەرەكەت قەند قەند ئېتەر
نىشى كىرپۈكى بىرلەكىم جىگەرىم رىش ئېيلەدى
جىگەرىم رىشىنە يارار لەبى ھەم نۆشخەند ئېتەر
تەگمەسۇن بىر يامان كۆزى يۈزىنە تېپىۋ ھافىزا
ھەسرەت ئوتىغا جان بىلە كۆڭۈل ئۆزىن سىپەند ئېتەر[8]
فائىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن

---

① Ш.М.Шомуҳамедов, Форс-Тожик арузи, Тошкент, 1970.
② Уммат ТЎЙЧИЕВ, Ўзбек поэзиясида аруз системаси, Тошкент, 1985.

③ صمد ظهوری، آذربایجان ادبیاتیندا عروض اۆلچوسی، تبریز، ۱۳٤۱.

④ Haluk İPEKTEN, Eski Türk edebiyatı nazım şekilleri ve aruz, İstanbul, 14. baskı, 2011.
⑤ С. ҲАСАНОВ, Бобирнинг Аруз Рисоласи асари, Тошкент, 1981.
⑥ Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ, Ўзбек арузи луғати, Тошкент, 1998; Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ, Мумтоз бадиият малоҳати, Тошкент, 1999; Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ. Навоий арузи нафосати. Тошкент, 2006.

⑦ پىروفېسسور رەجەپ توپارلى تېكىستتە بۇ ۋەزىننى توغرا ئايرىغان، لېكىن دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىن كۆرسەتكۈچىدە بۇنى تىلغا ئالمايدۇ.

⑧ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىپ كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 90b، 90a بەتلەر.

—V—V/——VV/—V—V/——V—

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، غەزەل ۋەزنى پەقەت ئىككىنچى مىسرادىكى «كونكلوم» سۆزىنى «كۆڭۈلۈم» تەلەپپۇز قىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا راۋان بولۇپ، ئۇشبۇ ۋەزىننىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىردىنبىر نەمۇنىسى بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپتۇر. ئەلۋەتتە «كونكلوم» سۆزىنى ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن مۇنداق تەلەپپۇز قىلىشنى بىز ھافىز خارەزمىي دىۋانىدىن باشقا يەنە 18 ـ ئەسىردە زەلىلىي ئىجادىدا كۆرگەنىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، غەزەلدە قوللىنىلغان ئالاھىدە ئۇزۇن ئوقۇلىدىغان «دەردمەند»، «پاي»، «قەند»، «رىش»، «نوش» سۆزلىرى ئەسلىي ۋەزنىگە ماس تەلەپپۇز قىلىنىغان. شۇنداقلا، غەزەلدە رەمەل، مۇجتەس ۋە خەفىف بەھرلىرىنىڭ «مەخبۇن» ۋەزىنلىرىدە بولىدىغان «سالىم» بىلەن «مەخبۇن»، «مەخبۇنى مەھزۇف» بىلەن «مەخبۇنى مەقسۇر»، «ئەسلەم» ۋە «ئەسلەمى مۇسەببەغ»لەرنىڭ ئالمىشىشىدىن سەدر ۋە ئىبتىدادا «سالىم» بىلەن «مەخبۇن»نىڭ نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئىككىنچى، ئۇچىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى بېيىتلارنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ ئىبتىداسى بىلەن تۆتىنچى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ سەدرى «فەئىلاتۇن»(مەخبۇن)غا، قالغانلىرىنىڭ سەدرۇ ئىبتىداسى «فائىلاتۇن»(سالىم)غا ماس بولغان. ئارۇزدىكى بۇ خىل ئەھۋال توغرىسىدا بابۇر «مۇختەسەر»دە: «ئەلا ھەزەل قىياس بىلمەك كېرەككىم، مەھزۇف بىلە مەقسۇرنى ۋە سالىم بىلە مۇسەببەغنى ۋە مەخبۇن بىلە مەخبۇنى مۇسەببەغنى ۋە سالىم بىلە مۇزال ۋە مەخبۇن بىلە مەخبۇنى مۇزالنى ۋە مەجبۇب بىلە ئەھتەمۇ ئەزەلنى ۋە ئەخرەمى مەجبۇب بىلە ئەھتەمۇ ئەزەلنى ۋە ئەبتەر بىلە ئەبتەرى مۇسەببەغنى ۋە مەخبۇنى مەھزۇف بىلە مەخبۇنى مەقسۇرۇ ئەبتەرى مۇسەببەغنى ۋە مەتۋىيى مەۋقۇف بىلە مەتۋىيى مەكشۇفنى ۋە مەھزۇف بىلە مەنھۇرنى ۋە ئارۇزۇ زەربتە جەمئ قىلسا بولۇر. بۇ شەرت بىلەكىم بەيت مۇقەففا بولماغاي. ئەبتەر بىلە مەخبۇنى مەھزۇفنى ۋە مەخبۇنى مەقسۇر بىلە ئەبتەرى مۇسەببەغنى ۋە مەجبۇب بىلە ئەخرەمى مەجبۇبنى ۋە ئەھتەم بىلە ئەزەلنى بەيت مۇقەففا بولسا ھەم ئارۇزۇ زەربتە جەمئ قىلسا بولۇر. بەئزى ۋەزنلەردە سەدر ۋە ئىبتىدادا ئەخرەم ۋە ئەخرەبنى جەمئ قىلسا بولۇر. رەمەل بەھرىنىڭ ئەۋزانىدا بەئزى مەھەلدەكىم، سەدر مەخبۇن كېلىپتۇر، ئىبتىدا سالىم كېلىپتۇر، يا ئەكس جەمئدۇر. يىگىرمە تۆرت ۋەزنى رۇبائىينى بىر ـ بىرى بىرلە جەمئ قىلسا بولۇر»[1] دەپ، رەمەل بەھرىنىڭ (ھەم خەفىف) بەزى ۋەزىنلىرىدە (مەخبۇن ۋەزنى) سەدرىنىڭ «مەخبۇن»، ئىبتىدانىڭ «سالىم» ياكى ئەكسىچە سەدرىنىڭ «سالىم»، ئىبتىدانىڭ «مەخبۇن» كەلسە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تەكىتلەيدۇ. يۇقىرىقى غەزەل ۋەزنى مۇرەككەپ ھەم ئەدەبىياتىمىزدا باشقا ئۇلگىسى بولمىغاچقا، پىروفېسسور ھەمىد سۇلايمان ئۈچىنچى بېيىت بىرىنچى مىسرادىكى «بۇ زەمان» سۆزىنى خاتا ھالدا «يۇز مار»[2] دەپ ئوقۇغان. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئىككى سۆز ئۇزۇن بوغۇم بولغانلىقتىن، ۋەزىندىكى سەبەبى سەقىل( V V )گە ماس كەلمەي، ۋەزىننىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەنۋەر ھاجىئەھمەدوف دىۋاننىڭ تولۇقسىز تاشكەنت نەشرىنى تەكشۈرۈپ، شائىرنىڭ شېئىرىيىتىمىزگە «رەمەلى مۇسەممەنى سالىم»(فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن) ۋەزنىنى ئېلىپ كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان[3]، لېكىن بىز تولۇق دىۋاننى ئىزدەپمۇ بۇ ۋەزىننى تاپالمىدۇق. بىزنىڭچە ئالىم پىروفېسسور ھەمىد سۇلايمان بەلكىم دىققەتسىزلىك قىلغان يۇقىرىقى غەزەل ۋەزنىنى «رەمەلى مۇسەممەنى سالىم» دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

---

① Захириддин Муҳаммад Бобир, Мухтасар. Нашрга тайёрловчи Саидбек ҲАСАН, Тошкент, 1971, 110, 111-бетлар.

② Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, Тошкент, 1981, 1-китоб, 145-бет.

③ Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ. Навоий арузи нафосати. Тошкент, 2006, 30-бет.

مۇنسەرىھ بەھرى ۋەزىنلىرىنىڭ مەۋلانا لۇتفىي ئىجادى بىلەن شېئىرىيىتىمىزگە كىرگەنلىكى مەلۇم ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ھافىز خارەزمىينىڭ لۇتفىي بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، مۇنسەرىھ بەھرىنى كىمنىڭ ئاۋۋال قوللانغانلىقىنى بىلمەك قىيىن. ھەر ھالدا مەۋلانا لۇتفىي ئىجادىدا پەقەت فەردتە ئىشلىتىلگەن بەھرىنىڭ شائىر دىۋانىدا غەزەللەردە كۆرۈلگەنلىكى كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ھافىز خارەزمىي ئىجادىدا مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ تۆت ۋەزنىدە[1] يېزىلغان 20 پارچە شېئىر بار بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدا ھېچكىم مۇنچە ئىجاد قىلغان ئەمەس. ئەلىشىر نەۋائىي لىرىكىلىرىدىمۇ مۇنسەرىھ بەھرىدە 12 پارچە شېئىر بولۇپ، بۇلاردا مۇنسەرىھنىڭ ئۈچ ۋەزنى قوللىنىلغانىدى. مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ ھافىز خارەزمىي دىۋانىدا كۆرۈلگەن تۆت ۋەزنىدىن ئۈچى ئەلىشىر نەۋائىيدا، ئىككىسى بابۇردا، قالغان بىرى پەقەت شائىر ھافىز خارەزمىي دىۋانىدىلا ئۇچرايدۇ. ئۇشبۇ بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھافىز دىۋانىدىلا نەمۇنىسى بولغان ۋەزنى «مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەجدۇئ» (مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فائ) بولۇپ، «مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەنھۇر» (مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فەئ)دىن ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ ئالاھىدە ئۇزۇن ياكى ئەمەسلىكىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ ۋەزىندە شائىر ئۆزىنىڭ ئىككى غەزىلىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنىغا ئاساس سالغانىدى. بۇ ئىككى غەزەلنىڭ مەتلەئلىرى:

تاكى سېنى ھەق ياراتدى بارچەغە مەخدۇم
يوق مېنىڭتەك ئېشىكدە سايىلى مەھرۇم[2]
مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فائ
~ / — V V — / V — V — / — V V —

بولغالى لەئلىڭ بۇ خەستە جانىمىزا چۇن جان
تاپمادى بىر لەھزە دەردى جانىنا دەرمان[3]
مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فائ
~ / — V V — / V — V — / — V V —

بولۇپ، ھەر ئىككىسى شۇ ۋەزىندە ئىنتايىن راۋان يېزىلغان. ئېيتىش كېرەككى، پىروفېسسور رەجەپ توپارلى بۇ غەزەللەرنىڭ ۋەزنىدە يېڭىلگەن، يەنى بىرىنچىسىنى «مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف»(مۇفتەئىلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن فەئىلۇن)[4]، ئىككىنچىسىنى «مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەكشۇفى ئەسلەم»(مۇفتەئىلۇن فائىلۇن مۇفتەئىلۇن فەئلۇن)[5] ۋەزىنلىرىگە تەۋە قىلىپ قويغان. ئۆزبېك ئالىمى ئەنۋەر ھاجىئەھمېدوف بولسا بۇ ۋەزىنلەرنى تىلغا ئالماي، شائىر دىۋانىدا مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ پەقەت ئىككىلا ۋەزنى قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ[6]. ئەپسۇس، مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ ھافىز خارەزمىي

---

① ئۆزبېك ئارۇزشۇناسى ئەنۋەر ھاجىئەھمېدوف ھافىز خارەزمىي دىۋانىدا مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ ئىككى ۋەزنىدە يېزىلغان 11 پارچە شېئىر بارلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە قاراڭ:

Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ. Навоий арузи нафосати. Тошкент, 2006, 30-бет.

② ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىملى، 185b بەت.

③ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىملى، 221b بەت.

④ Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.509.

⑤ Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.597.

⑥ Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ, Ўзбек арузи луғати, Тошкент, 1998; Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ, Мумтоз бадиият малоҳати, Тошкент, 1999; Анвар ҲОЖИАҲМЕДОВ. Навоий арузи нафосати. Тошкент, 2006.

ئاساس سالغان يۇقىرىقى ۋەزنى كېيىنكى دەۋرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قوللىنىلمىدى.

هافىز خارەزمىي دىۋانىدا 12 پارچە رۇبائىي بار بولۇپ، بۇلاردا ھەزەج بەھرىنىڭ رۇبائىي ۋەزىنلىرىدىن سەككىزى قوللىنىلغان. يەنە كېلىپ بۇلاردا شائىر پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كەم قوللىنىلغان ئەخرەم شەجەرىسى ۋەزىنلىرىنىمۇ ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنىغا ئاساس سالغان. ئەلۋەتتە، بۇ ۋەزىن ھافىز خارەزمىينى مۇستەسنا قىلغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋائىيغىچە قوللىنىلمىغانىدى. تۆۋەندە شۇ رۇبائىيغا قارىساق، ئۇنىڭ:

ئىشق ئىچرە قاچانكى بىنىشان بولغايمەن[①]
مەفئۇۋلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ
— / — — — V / — V — V / V — —
قۇل ھەم بولسام شاھى زەمان بولغايمەن
مەفئۇۋلۇن مەفئۇۋلۇ مەفائىيلۇن فەئ
— / — — — V / V — — / — — —
خاكى قەدەمىنغە باش قويۇپ يەر ئۆپسەم
ئالەمنىڭ ئىچىندە كامران بولغايمەن[①]
مەفئۇۋلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ
— / — — — V / — V — V / V — —

شەكلىدە، يەنى بىرىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرىنىڭ «ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەقبۇزى سالىمى ئەبتەر»، ئىككىنچى مىسراسىنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلگەن «ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەمى ئەخرەبى سالىمى ئەبتەر» ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

هافىز خارەزمىي ئۇيغۇر ئارۇزىدا ئەلىشىر نەۋائىيغىچە ئەڭ كۆپ ۋەزىن ئىشلەتكەن بولۇپلا قالماي، يەنە ئەڭ ياخشى يازغان شائىردۇر. شائىرنىڭ ئارۇز ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دىۋاندىكى قىسمەن تېكستولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دىۋاندا ۋەزىن خاتالىقى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. ئەلۋەتتە 17485 مىسرادا[②] بەزى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ھېچقانچە ئەھۋال ئەمەس. ھافىز خارەزمىينىڭ ئارۇز ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشتىن ئايانكى، شائىر ئىنتايىن يۇقىرى مەدرىسە تەربىيەسى كۆرگەن، ئارۇز نەزەرىيەلىرىنى ناھايىتى پىششىق ئىگىلىگەن، ھەتتا بۇ ۋەزىننى مەخسۇس تەتقىق قىلغان بولۇشى ئېنىق. چۈنكى، مۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ پەقەت ئارۇز كىتابلىرىدىلا تىلغا ئېلىنىدىغان ۋەزىنلەردە ئۆز قەلىمىنى سىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، بۇ خىل ھالەت ئەلىشىر نەۋائىي ۋە بابۇردەك ئارۇز بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغان شائىرلار ئىجادىدا كۆرۈلگەنىدى. شۇڭا، ئېيتماي بولمايدۇكى، ھافىز خارەزمىي چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەۋائىيغىچە بولغان ئەڭ كۈچلۈك شائىرىدۇر. شائىرمۇ ئۆزى تۇيغاندەك، بۇ نەتىجىلىرىدىن پەخىرلىنىپ:

كەزىپ [ۋُ] گۇل يۈزى ئىشقىندا بۇلبۇلتەك رەۋان سايرار
كۆرەرمەن ئۇشبۇ دەۋران ئىچرە ھافىزتەك غەزەلخان يوق[③]
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

---

① ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز»(15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 292b بەت.

② Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.19.

③ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 159b بەت.

— — — V / — — — V / — — — V / — — — V

بېيىتنى يازغانىدى.

مەلۇمكى، ھافىز خارەزمىي دىۋانىدا بەزىبىر مەسىلىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ شائىر سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى ئەقىل قوبۇل كۆرمەيدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسى ئەسلىي: «كەزىپ گۈل يۈزى ئىشقىندا بۇلبۇلتەك رەۋان سايىرار»① شەكلىدە بولۇپ، ۋەزنىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يەنى، «كەزىپ» سۆزىدىن كېيىن بىر ئۇزۇن بوغۇملۇق سۆز چۈشۈپ قالغان②، شۇڭا بېيىت مەزمۇنىغا ئاساسەن تەخمىنەن «ۋە» باغلىغۇچىسى بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ ۋەزنىنى تولدۇردۇق. بىزنىڭچە، ئۆزىنى «ئۇشبۇ دەۋران ئىچرە ھافىزتەك غەزەلخان يوق» دەۋاتقان ھافىز خارەزمىي «ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم»دەك ئاددىي ۋەزنىدە مۇنداق سەۋەنلىككە يول قويمايدۇ.

شائىر دىۋانىدا كۆرۈلگەن يەنە بىر ئەھۋال ۋەزىن ئېھتىياجىدىن تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئۆزگەرتىپ قوللىنىلىشىدۇر. مەسىلەن، خۇددى ئاتايى دىۋانىدا كۆرگىنىمىزدەك، ھافىز ئىجادىدا «كۆرۈنۈر» سۆزىنىڭ ۋەزىن تەلىپىدىن «كورنور» يېزىلىپ، شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز③. شائىر دىۋانىدا تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىلگەنلىرىدىن ئەڭ تىپىكى ۋە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى «كۆڭۈل» سۆزى بولۇپ، دىۋاندا تۈرلەنگەن شەكلىدە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالمىغان ۋە ئەسلىي ھالەتتە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش قىسقارتىلغان شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

خۇرشىد ئاي يۈزۈڭ بىگى ساھىب جەمال ئەمەس
كۆڭل ئالماق ئىچرە تاقى قاشىڭتەك ھىلال ئەمەس④
مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن
— V — / V — — V / V — V — / V — —

بېيىتنىڭ نەزەر سالساق، ئىككىنچى مىسرادىكى «كوڭكل» سۆزىنىڭ ۋەزىن ئېتىبارىدىن «كۆڭل» ئوقۇلۇپ، كېيىنكى سۆز بىلەن «كۆڭ لالماق» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز. ئەلۋەتتە، بىز ھافىز خارەزمىيدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى كىلاسسىكلار ئىجادىدا بۇ خىل ھادىسىگە يولۇقمىغانىدۇق. «كۆڭۈل» سۆزى دىۋاندا يەنە تۈرلەنگەن ھالەتتە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالمىغان شەكىلدە خېلى كۆپ جايدا قوللىنىلغان بولۇپ، تۆۋەندە ئەڭ تىپىكىدىن ئىككى ئۆرنەك كۆرۈپ ئۆتىمىز.

كۆزۈم يۈزىڭگە قىلماقلىق تىلەر بىر دەم تەماشايى
بۇ سۆزدىن ئۆزگە يوقتۇرۇر كۆڭۈلۈمدە تەمەننايى⑤
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن
— — — V / — — — V / — — — V / — — — V

① ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 159b بەت.

② ھەمىد سۇلايمان بىلەن رەجەپ توپارلى بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان. قاراڭ:

Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, Тошкент, 1981, 1-китоб , 293-бет; Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.445.

③ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 93b بەت.

④ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 146a بەت.

⑤ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 266a بەت.

يۈزىنىڭ ئەكسىدىن ھافىز كۆڭۈلى بولغالى رەۋشەن
مۇنەۋۋەر قىلدى ئالەمنى گۈش ـ ئانىڭ نۇرى دىيدارى[1]
مەفائىيلۈن مەفائىيلۈن مەفائىيلۈن مەفائىيلۈن
V — — — / V — — — / V — — — / V — — —

بېيىتلىرىدا ئەسلىي تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، سوزۇق تاۋۇش(ئېگىز سوزۇق تاۋۇش) چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدىغان «كۆڭۈل» سۆزىدە بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ بولمىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئىملادا ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. دىققەت قىلساق، بىرىنچى بېيىتتىكى «كۆڭۈلۈمدە» بىلەن ئىككىنچى بېيىتتىكى «كۆڭۈلى» سۆزىنىڭ ۋەزىن ئېھتىياجىدىن شۇنداق ئوقۇلۇپ يېزىلغانلىقىنى، ئەگەر ئادەتتىكىدەك «كۆڭلۈمدە»، «كۆڭلى» شەكلىدە ئوقۇلسا مىسرادا ۋەزىن بۇزۇلىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز[2]. ئەلۋەتتە، دىۋاندا يەنە بۇ سۆزنىڭ ۋەزىن تەلىپىدىن يۇقىرىقىدەك ئوقۇلۇپ، لېكىن ئىملادا ئىپادىلەنمىگەن مىساللىرى خېلى كۆپ. مەسىلەن:

تۇتدى كۆڭۈلۈم مۇلكىنى سۇلتان بولۇر ئەمدى
ئالىندىن ئانىڭ كۆز ياشى ئال قان بولۇر ئەمدى[3]
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن
— — V / V — — V / V — — V / V — —

بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «كونكلوم» سۆزى بۇ يەردە ۋەزىن ئېھتىياجىدىن «كۆڭۈلۈم» شەكلىدە ئوقۇلغان، ئەمما يۇقىرىقى ئۆرنەكلەردىكىدەك ئىملادا ئىپادىلەنمىگەن. شۇڭا، بىز پەقەت ۋەزىننى توغرا بايقاپ، شۇ بويىچە ئوقۇش ئارقىلىقلا شائىرنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى بۇ ئالاھىدىلىكىنى بىلەلەيمىز. دىۋاندا يەنە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان «ئاغىز» سۆزىنىڭمۇ ۋەزىن ئېھتىياجىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولمىغان شەكىللىرى مەۋجۇت. مەسىلەن:

ئەدەم جەھانىداكىم يوق ئېدى جەھان تىلەكى
شەكەر سىفەت ئاغىزى ئەردى خەستە جان تىلەكى[4]
مەفائىلۈن فەئىلاتۈن مەفائىلۈن فەئىلۈن
V — V — / V V — — / V — V — / V V —

بېيىتىدىكى «ئاغىزى» سۆزىدە ۋەزىن تەلىپىدىن شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا، ھافىز خارەزمىي ئىجادىدا قىسمەن جايلاردا تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا ئېتىبار بېرىلمەي قالغان. مەسىلەن:

ئۇل تۈركى شۇخكىم كۆزىدۇر جانلار ئافەتى
كۆركلۈ يۈزىنگە ئوخشامادى گۈل لەتافەتى[5]
مەفئۇۋلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۈن

① ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 272b بەت.

② ئەپسۇس، پىروفېسسور ھەمىد سۇلايمان «كونكول» سۆزىنىڭ دىۋاندا كۆرۈلگەن بۇ شەكىللىرىگە دىققەت قىلمىغان.

③ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 245a بەت.

④ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 283b بەت.

⑤ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 268b بەت.

—V—/V——V/V—V—/V——

بېيتتىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «كۆرك» سۆزى بىر ئاددىي ئۇزۇن بوغۇملا ئوقۇلغان بولۇپ، ۋەزنىدە جىددىيلىك پەيدا قىلىپ قويغان. شائىر ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم ياكى باشقىلىرىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەم بۇنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرالىغان. شۇڭا، بىز دىۋاندا پەقەت «ھۇسن» (94b)، «رەھم» (103b) قاتارلىق بىرقانچە سۆزنىڭ ۋەزىن ئېھتىياجىدىن بۇزۇپ «ھۇسۇن ياكى ھۇسىن»، «رەھىم» شەكىللىرىدە ئوقۇلغانلىقىنى كۆرىمىز.

نۆۋەتتە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ھافىز خارەزمىي دىۋانىدا قوللىنىلغان ۋەزىنلەرنى تەكشۈرۈش، شائىرنىڭ ئارۇز ماھارىتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، بىز دىۋاننىڭ تاشكەنت نەشرىنى تەنقىد قىلغان پىروفېسسور رەجەپ توپارلىنىڭ دىۋاننى ھەتتا پىروفېسسور ھەمىد سۇلايماندەك تەييارلىيالمىغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇق. يەنى، دىۋاندا كەتكۈزۈلگەن خاتالىقلار تەتقىقاتىمىزغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مەسىلىلەر سۆزلەرنى خاتا ئوقۇشتىن باشقا، يەنە سۆزلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش، تاشلىۋېتىش، قوشۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

مىھرسىزىن جەۋر ئېتەر جانغا مەھپارەسى
ئاشىقىنىڭ ئۇشبۇدۇر تالىئى سىتارەسى[①]
مۇفتەئىلۇن فائىلۇن مۇفتەئىلۇن فائىلۇن
—V—/—VV—/—V—/—VV—

بېيتتىغا قارىساق، ھەر ئىككى مىسرا ۋەزنىنىڭ راۋان ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ئىككىنچى مىسرادىكى «سىتارە» سۆزىنىڭ بىرىنچى مىسرادىكى قاپىيە بىلەن ۋەزىنداش بولمىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمدى دىۋاننىڭ قول يازمىسىغا نەزەر سالساق، بېيتتىنىڭ ئەسلى:

مىھرسىزىن جەۋر ئېتەر جانغا بۇ مەھپارەسى
ئاشىقىنىڭ ئۇشبۇدۇر تالىئى ئىستارەسى[②]
مۇفتەئىلۇن فائىلۇن مۇفتەئىلۇن فائىلۇن
—V—/—VV—/—V—/—VV—

ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنى، پىروفېسسور رەجەپ توپارلى بىرىنچى مىسرادىكى «بۇ» ئالمىشىنى تاشلىۋەتكەن، ئىككىنچى مىسرادىكى «ئاشىقى»، «ئىستارە» سۆزلىرىنى خاتا ھالدا «ئاشىق»، «سىتارە» دەپ ئوقۇغان. مەلۇمكى، «سىتارە» سۆزىنىڭ ۋەزىن ئېھتىياجىدىن تەغىير ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مەيدانغا كەلگەن «ئىستارە» شەكلىمۇ بار بولۇپ، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ۋەزىندە ئۇزۇن بوغۇمغا توغرا كەلگەندە قوللىنىلغان. ھافىز خارەزمىي پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكتىن ناھايىتى ياخشى خەۋەردار بولغان، ئەلۋەتتە. يەنە:

قايدا سېنىڭ ئىشقىنى بۇ جانۇ جەھان قىلا بىلۇر
قايدا سېنىڭ كەمالىنى ۋەسف زەبان قىلا بىلۇر[③]
مۇفتەئىلۇن مەفائىلۇن مۇفتەئىلۇن مەفائىلۇن

---

① Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.700.

② ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىملى، 264a بەت.

③ Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.340; Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, Тошкент, 1981, 1-китоб, 201-бет.

—V—V /—V V—/—V—V /—V V—

بېيىتىغا قارايدىغان بولساق، «رەجەزى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەخبۇن» ۋەزنىدە يېزىلغان غەزەلنىڭ مەتلەئىنىڭ ئىككىنچى مىسرادىكى «كەمالىڭنى» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزىن بۇزغانلىقىنى بىلىمىز. ھافىز خارەزمىي دىۋانىنىڭ بىزگىچە ھەيدەرئابات سالارجەڭ يازمىسىدىن ئىبارەت يېگانە نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، شۇ يازمىنىڭ تولۇق فاكسىمىلى دىۋانىنىڭ ئەنقەرە نەشرىگە ئىلاۋە قىلىنغان. بىز شۇ نۇسخىغا قارايدىغان بولساق، «كەمالىڭنى» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي «كەمالىڭى» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز[1]. شائىرنىڭ تىلىدا مەۋجۇت بولغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۇغۇزچە ۋارىيانتى «ـى»نى ھەر ئىككى نەشرگە تەييارلىغۇچى «ـنى» قىلىپ ئالغان. ھافىز خارەزمىي بۇ يەردە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «ـنى»نى ئىشلەتسە «كەمالىڭ» سۆزىنىڭ ئۈچىنچى بوغۇمى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ ـ دە، بوغۇم ئۇزۇن ئوقۇلۇپ، ۋەزىننىڭ قىسقا بوغۇمغا ماس كەلمەي قالىدۇ. شۇ سەۋەب شائىر ۋەزىن تەلىپى بويىچە سۆزنىڭ ئۈچىنچى بوغۇمىنى ئوچۇق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇغۇزچە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «ـى»نى قوللانغان. بىز يەنە:

هافىزا سۆز ئىيەسى مەن تېيۇ ئۆگمە ئۆزۈڭى
فائىلاتۇن فەئىلاتۇن فەئىلاتۇن فەئىلۇن
—V V /— —V V /— —V V /— —V—
بولمادى ئاقىبەتى كار سۆز ئىلە مەئلۇم[2]
فائىلاتۇن فەئىلاتۇن فەئىلاتۇن فەئىلان
~ — /— —V V /— —V V /— —V—

بېيىتىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئۆزۈڭى» سۆزىنىڭ رەجەپ توپارلى نەشرىدە «ئۆزۈڭنى» شەكلىدە ئوقۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بېيىت رەمەل بەھرىنىڭ مەخبۇن ۋەزنىدە، يەنى بىرىنچى مىسراسى «رەمەلى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەھزۇف»، ئىككىنچى مىسراسى «رەمەلى مۇسەممەنى مەخبۇنى ئەسلەمى مۇسەببەغ» ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، «ئۆزۈڭ» سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى يېپىق بوغۇم بولغاچقا، ئەسلىي ئۇزۇن بوغۇم تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شائىر بۇ يەردە ۋەزىن ئېھتىياجىدىن بۇ سۆزنىڭ ھەر ئىككى بوغۇمىنى قىسقا ئوقۇش ئۈچۈن، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئۇغۇزچە شەكلى «ـى»نى ئىشلىتىپ، سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىنىمۇ ئوچۇق ھالەتكە كەلتۈرگەن. ئەپسۇس، پىروفېسسور رەجەپ توپارلى[3] بىلەن پىروفېسسور ھەمىد سۇلايمان[4] ھافىز خارەزمىينىڭ تىلىدىكى بۇ ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلمىغان. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئەھۋال ھافىز خارەزمىينىڭ زاماندashلىرىدىن مەۋلانا لۇتفىي بىلەن مەۋلانا ئاتايى دىۋانىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

يەنە:

شەككەرىن لەئلى لەبىن دائىم قىلۇر جان ئارزۇ
نە تەرىقە تۇتى قىلسا شەككەرىستان ئارزۇ[5]
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

[1] ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 116b بەت.

[2] ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 288b بەت.

[3] Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.760.

[4] Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, Тошкент, 1981, 2-китоб, 289-бет.

[5] ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىب كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، 223b بەت.

— V — / — — V — / — — V — / — — V —

بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى ئەنقەرە نەشرىدە «تۇتىيى جان ئەيلەر ئول لەئلى شەككەرىستان ئارزۇ»[1] شەكلىدە ناتوغرا بېرىلگەن. بىز بۇ يەردە ئالىمنىڭ مىسرانى نېمە ئۈچۈن مۇنداق خاتا ئۆزگەرتكەنلىكىنى زادى بىلەلمىدۇق. يەنە:

ئاغزىيۇ كۆزى بولغالى پىستە تاقى بادام
ئول دانەئى خالى كۆرۈنۈر زۇلف ئىلە بادام[2]
مەفئۇۋلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيل
~ — V / V — — V / V — — V / V — —

بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «ئىلە» باغلىغۇچىسى رەجەپ توپارلى نەشرىدە «ۇ» شەكلىدە بېرىلگەن[3]. ئەلۋەتتە، تەييارلانغان تېكىستتە قول يازمىدىكى نامۇۋاپىق جايلار تۈزىتىلىپ، ئەسلىي مەتىندىكى خاتالىق ئىزاھ بېرىش ئارقىلىق كۆرسىتىلسە بولىدۇ. لېكىن، ئۇشبۇ مىسرادا ھېچقانداق مەسىلە يوق بولۇپ، 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى ئىجادىدا كۆپ قوللىنىلغان «ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر» ۋەزنى ناھايىتى راۋان ئىشلىتىلگەن. ئەپسۇس، پىروفېسسور رەجەپ توپارلى گەرچە بېيىت ۋەزنىنى توغرا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بەزى مىسرالارنىڭ ۋەزنىگە ئۇيغۇن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان. بۇلاردىن باشقا، ئالىم يەنە بەزى شېئىرلارغا سۆزلەرنى ئورۇنسىز قوشۇپ، ۋەزنىگە تەسىر يەتكۈزگەن. بۇلاردىن ئەڭ تىپىكى:

جاندىن سۈچى لەبىڭدەكى شەككەر سۆزۈڭمۇدۇر
يا شەھدى سافۇ قەندى مۇكەررەر سۆزۈڭمۇدۇر[4]
مەفئۇۋلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن
— V — / V — — V / V — V — / V — —

مەتلەئلىك غەزەل بولۇپ، ئالىم غەزەلنىڭ بارچە بېيىتلىرىدىكى «سۆزۈڭ» سۆزىنىڭ كەينىگە «دېگۈل» سۆزىنى قوشۇپ قويغان[5]. شۇنىڭ بىلەن غەزەل ۋەزنىدىن ئىككى بوغۇم ئارتىپ كېتىپ، ۋەزىن بۇزۇلغان. ئەسلىي قول يازمىدا توغرا كۆچۈرۈلگەن غەزەلنى ئالىمنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغانلىقىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدۇق. يەنە شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى، بۇ قېتىم ھافىز خارەزمىي شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا پىروفېسسور، دوكتور رەجەپ توپارلى نەشرىدىن بىز بايقىغان ھەر خىل خاتالار 1000دىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر كىتاب ئۈچۈن كىچىك سان ئەمەس.

خۇلاسە قىلغاندا، ھافىز خارەزمىي دىۋانىدا توققۇز بەھرىنىڭ 56 ۋەزنىنى قوللىنىپ، مەيلى ۋەزىن خىللىقى ياكى ئارۇز ماھارىتى جەھەتتە بولسۇن،15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ يۇقىرى پەللە بولدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر دىۋانى 11 ~ 15 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئارۇزى تەرەققىياتىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، ئۆزىدىن بۇرۇن قوللىنىپ كېلىنگەن

① Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.601.

② ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىپ كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىملى، 191a بەت.

③ Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.522.

④ ھافىز خارەزمىي: «دىۋانى ھافىز» (15 ـ ئەسىردە نامەلۇم كاتىپ كۆچۈرگەن)، ھەيدەرابات سالارجەڭ مۇزېيىدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فاكسىملى، 77a بەت.

⑤ Recep TOPARLI, Harezmli Hafız'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998, s.244.

ۋەزنىلەردىن سىرت، يېڭى ـ يېڭى ۋەزنىلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىشلىتىپ، شېئىرىيىتىمىزنى ۋەزىن ۋە تەقتىئ ماھارەتلىرى جەھەتتە يېڭى بىر بالداققا كۆتۈردى.

## پايدىلانمىلار:


١. پرویز ناتل خانلری، وزن شعر فارسی، تهران، ١٣٤١.

2. حسین محمدزاده صدیق، عروض در شعر ترکی، تهران، ١٣٨٨.

3. صمد رحمانی خیاوی، مقایسهٔ عروض فارسی و آذربایجانی، تبریز، ١٣٧٩.

٤. صمد ظهوری، آذربایجان ادبیاتیندا عروض اؤلچوسی، تبریز، ١٣٤١.

5. زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىل نەشرى.

6. شەيخ ئەھمەد خۇدايداد تەرازىي: «فۇنۇنۇل ـ بەلاغە» (1581 ـ يىلى مىرھەسەن ئەلھۇسەينىي كۆچۈرگەن)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلىيان كۇتۇپخانىسىدا 127 .Elliott رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا.

7. مۇ خۇڭيەن: «كىلاسسىك پارس شېئىرىيەت ئىلمى تەتقىقاتى»، كۇنلۇن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.

8. AKALIN, Mehmet. Tarihı türk şiveleri, Üçünçi baskı, Ankara, 1998.

9. DİLÇİN, Cem. Türk şiir bilgisi, Ankara, 2000.

10. ERASLAN, Kemal. Alî-şîr Nevâyî, Mizânu'l-evzân, TDK Yayınları, Ankara, 1993.

11. HAZAR, Mehmet. Çağatay türkçesinde oğuzca özellikler ve benzerlikler, İnternational Journal of Social Science, Volume 4 Issue 1, p. 31-63, Summer 2011.

12. İPEKTEN, Haluk. Eski Türk edebiyatı nazım şekilleri ve aruz, İstanbul, 14. baskı, 2011.

13. SARAÇ, M.A.Yekta. Klasik edebiyat bilgisi-Biçim, ölçü, kafiye, İstanbul, 2007.

14. TİMURTAŞ, Faruk. Batı Türkçesi, Türk Dünyası El Kitabı, Ankara, 1992.

15. TOPARLI, Recep. Harezmli Hafiz'ın divanı (İnceleme-Metin-Tıpkıbasım), TDK Yayınları, Ankara, 1998.

16. Абдураҳмони Ҷомӣ, Рисолаи Арӯз, таҳияи Абӯбакр ЗУҲУРИДДИНОВ, "Абдураҳмони Ҷомӣ, Осор" дар хашт ҷилд, ҷилди ҳаштум, Душанбе, 1992.

17. Атоуллох Ҳусайний, Бадойиъу-с-санойиъ, Форсчадан Алибек Рустамов таржимаси, Тошкент, 1981.

18. Захириддин Муҳаммад Бобир, Мухтасар. Нашрга тайёрловчи Саидбек ҲАСАН, Тошкент, 1971.

19. МУСУЛЬМАНКУЛОВ, Р. Персидско-Таджикская классическая поэтика, Москва, 1989.

20. НАРЗИҚУЛ, Мисбоҳиддини. Авзони ашъори Рӯдакӣ, Душанбе, 2011.

21. НАРЗИҚУЛ, Мисбоҳиддини. Муқаддимаи шеършиносӣ, Душанбе, 2004.

22. Насируддини Тӯсӣ, Меъёр-ул-Ашъор, таҳияи Урватулло ТОИРОВ, Мирзо АБДУЛЛОЕВ, Раҳмуддини ҶАЛОЛ, Душанбе, 1992.

23. НАСРИДДИНОВ, А. ТОҶИБОЕВ, Ш. Назмшиносӣ (Раҳнамои таълим), Хуҷанд, 2002.

24. РУСТАМИЙ, Алийбек. Адиблар одобидан адаблар, Тошкент, 2003.

25. РУСТАМОВ, Алибек. Аруз ҳақида суҳбатлар, Тошкент, 1972.

26. СИРУС, Баҳром. Арӯзи Тоҷикӣ, Душанбе, 1963.

27. СОЛЕҲОВ, Мирзо. Арӯз ва омӯзиши он, Душанбе, 2005.

28. ТОИРОВ, Урватулло. СОЛЕҲОВ, Мирзо. ЛАТИФОВ, Барот. Мавлавии Рум хуб бидонад арӯз, Душанбе, 2007.

29. ТОИРОВ, Урватулло. Фарҳанги истилоҳоти Арӯзи Аҷам, Душанбе, 1991.

30. ТОИР, Урватулло. САИДАЛӢ, Саидмуроди. Қомуси қофия ва арӯзи шеъри Аҷам, дар ду ҷилд, Душанбе, 1994.

31. Фарҳанги забони тоҷикӣ(иборат аз ду ҷилд), Москва, 1969.

32. Шамси Қайси Розӣ, Ал-Мӯъҷам, ҳозиркунандаи чоп Урватулло ТОИРОВ, Душанбе, 1991.

33. Шомуҳамедов, Ш. М. Форс-Тожик арузи, Тошкент, 1970.

34. ҲАСАНОВ, С. Бобирнинг Аруз Рисоласи асари, Тошкент, 1981.

35. ҲОЖИАҲМЕДОВ, Анвар. Мумтоз бадиият малоҳати, Тошкент, 1999.

36. ҲОЖИАҲМЕДОВ, Анвар. Навоий арузи нафосати. Тошкент, 2006.

37. ҲОЖИАҲМЕДОВ, Анвар. Ўзбек арузи луғати. Тошкент, 1998.

38. Ҳофиз Хоразмий, Девон, нашрга тайёрловчи Ҳамид СУЛАЙМОН, 2 китоб, Тошкент, 1981.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئېلشات ئەيسا

# نەۋائىينىڭ «سىرى»

كۆپلىگەن كىلاسسىكلار ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىشقان، ئۇلاردىن بەزىلىرى ۋاسىتىلىك كەچۈرمىشلەرنى، جەمئىيەتتىكى ئىشق ۋەقەلىرىنى ياكى رىۋايەت ـ چۆچەكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. نەۋائىي بولسا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشق سەرگۈزەشتىسىنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ غەزەل ۋە داستان ژانىرلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرىگە ئالاقىدار قىلىپ، ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن. شۇڭا، نەۋائىينى ئاشىق شائىر دەپ ئاتايمىز.

نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا نەۋائىيشۇناسلار كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتلەردىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يېشىپ بەردى. ھۈسەين بايقارانىڭ نەۋائىينىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلىغان ئەسىرى ـــ «رىسالە»، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئەسىرى ـــ «بابۇرنامە»، مىرزا ھەيدەر بىننى مۇھەممەد ھۈسەيىننىڭ كۆپ قىرلىق تارىخىي ئەسىرى ـــ «تارىخى رەشىدىي»، مىرخاندنىڭ ئومۇم تارىخ كىتابى ـــ «رەۋزەتۇس ـ سەفا» (پاكلىق بېغى) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خاندامىر يازغان «ھەبىبۇس ـ سىيەر» (ئۇلۇغلار تەرجىمىھاللىرى)، «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» (ئېسىل ئەخلاق) قاتارلىق ئەسەرلەر، دۆلەتشاھ سەمەرقەندىي يازغان ئەدەبىيات تەزكىرىسى ـــ «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى)، زەيىنىددىن ۋاسىفىي يازغان «بەدايىئۇل ـ ۋەقايىئ» (گۈزەل ۋەقەلەر) ناملىق ئەسەرلەردە نەۋائىي توغرىسىدا ھەر خىل ساھە ۋە نۇقتىلار بويىچە مەلۇمات بېرىدۇ. لېكىن، شائىرنىڭ كۆلپەتلىك شەخسىي تۇرمۇشىغا دائىر مەسىلىلەر تېخى تولۇق يېشىلگىنى يوق. بۇ مەسىلىلەردىن بىرى ئۇنىڭ ئۆمرىنى تەنھا ئۆتكۈزگەنلىك مەسىلىسىدۇر.

شائىر نېمە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئائىلە بەختىدىن بەھرىمەن بولالمىدى؟ نەۋائىينىڭ نېمە ئۈچۈن ئائىلە قۇرمىغانلىقى ھەققىدە مەنبەلەردە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.

خاندەمىر «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» (ئېسىل ئەخلاق) تا: «ئەلىشىر ئاز ۋاقىت ئىچىدە قورداش ۋە شېرىكلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ، نازۇك تەبىئىتىنىڭ ساپلىقى ۋە ساغلاملىقى ئالەمگە يېيىلىدۇ، مۇبارەك پىكرىنىڭ دادىللىقى ھەققىدە سۆزلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ[1]. بابۇر «بابۇرنامە»دە: «ئەلىشىر ئوغۇل ۋە قىز ۋە ئەھلۇ ئايال يوق، ئالەمنى يالغۇز ۋە تەنھا ئۆتكۈزدى، ئەلىشىر نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر، كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غۇرۇرىدىن بولغان، دەپ بىلىشەتتى. لېكىن، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى ئىكەن»[2] دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. نەۋائىي زامانداشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، شائىرنىڭ ئاخىرقى يىللاردا مىجەزىنىڭ تولىمۇ نازۇكلىشىپ، بىر ئىشلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان، ھەتتا ئەسەبىيلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. نەۋائىينىڭ نازۇك تەبىئىتى توغرىسىدا بەزى ئەدىبلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقمايلا، ئەيقاچتى گەپلەرنى تارقىتىپ، خاتا پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەتتا مەشھۇر ئالىم

ۋ.ۋ.بارتولدمۇ نەۋائىينىڭ نازۇك مىجەزلىكى، ئائىلە قۇرمىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدىغان پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

نەۋائىي مۇتەپەككۇر شائىر؛ ئىنسان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىشق ـ مۇھەببەت بولغاچقا، نەۋائىيدىمۇ ئىشق ـ مۇھەببەت قىسمىتى بولغان. بۇ قىسمەت سەۋەبىدىن، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى شەخسەن تېتىغان ۋە دەردۇ جاپاسىنى يېتىپ ئاشقۇچە تارتقان. لېكىن، نەۋائىينىڭ شەخسىي ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ بۇ مەزمۇنى تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان.

نەۋائىينى مۇنداق كۈلپەتلەرگە سالغان مەشۇقىنىڭ نامۇ نىشانى كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتچىلار ئىزدەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق نەتىجە ھاسىل قىلالمىغان. چۈنكى، نەۋائىي يارىنىڭ ئىشقىدىن مەنلا سۆزلەپ ئاۋارە بولاي، ئۇنىڭ ئىسمىنى باشقا بىر كىم ئاغزىغا ئېلىپ يۈرمىسۇن دېگەن مەزمۇندا غەزەللەرنى يازغان.

مەن بولاي ئاۋارە تا ئىشقىدىن ئەيلەپ گۇفتۇگۇ،
ئاتى ئانىڭ ھەر كىشى ئاغزىغە مەزكۇر ئولماسۇن.

(يار ئىشقىدىن مەنلا سۆزلەپ ئاۋارە بولاي، ئۇنىڭ نامىنى باشقا ھېچكىم ئاغزىغا ئېلىپ يۈرمىسۇن).

جانىما بىدادۇ زۇلمىن، يا رەب، ئول مىقدار قىل،
كىم ئانىڭ ئاشىقلىغى ھەركىمگە مەقدۇر ئولماسۇن[3].

(ئاللا، ئۇنىڭ جەبرى ـ زۇلمىنى ماڭا قانچە كۆرسەتسەڭ مەيلى، لېكىن ئۇنىڭ ئاشىقلىقى ھېچكىمگە مۇمكىن بولمىسۇن).

تەتقىقاتچىلار نەۋائىي ئۆز مەشۇقىنى «گۇل» بىلەن تەۋسىف قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ مەشۇقى «گۇل» بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ.

گۇلنى ئوخشاتقان ئۈچۈن يارىمغا گۇيا باغ ئارا،
مۇزتەرىب كۆڭلۈم قۇشىدۇر، بۇلبۇلى شەيدا ئەمەس.

(گۇلنى يارىمغا ئوخشاتقان ئىكەنمەن، بۇ باغدىكى قۇش شەيدا بۇلبۇل ئەمەس، بەلكى مېنىڭ بىئارام كۆڭلۈم).

گۇلنى سەرۋ ئۇزرە خەيال ئەتتىم كۆڭۈل بۇستانىدا،
راست ئايتاي، سەرۋى گۇلرۇيۇم كەبى زىبىا ئەمەس[4].

(كۆڭۈل بوستانىدا گۇلنى سەرۋى دەرىخى ئۈستىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم، ئەمما راستىمنى ئېيتايكى، ئۇ مېنىڭ سۇمباتلىق گۇل يۈزلۈكۈمدەك گۈزەل ئەمەس).

نەۋائىي «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) ئەسىرىدە: «ماھى» ياردىن ئايرىلىپ پىغان چەككەن ھالىتىنى ئەسلەپ غەزەللەر يازغان. «ماھى» ـــ پارس تىلىدا «ئاي» مەنىسىدە بولۇپ، نەۋائىي ئۆز مەشۇقىنى «ئاي» بىلەن تەۋسىف قىلغان.

نى ئۈچۈن تەركى مۇھەببەت قىلدى ماھىم، بىلمەدىم،
بۇ غەزەبكىم ئەيلەدى ماھىم، گۇناھىم بىلمەدىم.

(بىلمىدىم، ئاي يۈزلۈكۈم نېمە ئۈچۈن مۇھەببەتتىن كەچكەندۇ، ئايىم مۇنچە ئاچچىقلانغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن).

ئەي خۇش ئولكىم، ئەيلەي ئالغاي ئۆلتۈزۈردە دەردى ئىشق،
بىر تەكەللۇم شاھىغە، يا بىر ۋەسىيەت ماھىغە[5].

(ئىشقنىڭ دەردى ئۆلتۈرىدىغاندا، شاھقا بىر ئېغىز سۆز قىلىۋالالىسا، ئاي يۈزلۈككە ۋەسىيىتىنى ئېيتىۋالالىسا، نېمىدېگەن ياخشى).

مەلۇمكى، سىر - مۇئەممال — شېئىرىي تېپىشماقلار سىياقىدىكى غەيرىي روشەن تېمىدىن ئىبارەت. نەۋائىينىڭ ئۆزى ئائىلىسىز ۋە بالىچاقىسىز ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچبىر ئەسەردە ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ. نەۋائىينىڭ بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىدا ئاز - تولا يوشۇرۇن ئىشارەتلەر بېرىدۇ، خالاس. شۇڭا، نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل شۇغۇللانغان بەزى ئالىملار نەۋائىينىڭ مۇھەببەت تارىخى ئېھتىمال بىرەر پاجىئە بىلەن باغلانسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەھلى ئايالسىز، بالىچاقىسىز يېگانە ئۆتۈش مەسىلىسى ھېلىمۇ سىر پېتى تۇرماقتا. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ھادىسىلەر مۇنداق:

بىرىنچى، تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرىشى نەۋائىي دەۋرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

ئەلشىر نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ تەسىر ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. شائىرنىڭ «خەزائىنۇل - مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت دىۋانىنىڭ بىرىنچى دىۋانى بولغان « غەرائىبۇس - سىغەر » (ياشلىق غارايىبلىرى) مۇنداق غەزەل بىلەن باشلىنىدۇ:

ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرەكىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.

(ۋەھدەتكە مەي ھەم جام بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن، كىم مەي بىلەن جام سۆزىنى تىلغا ئالسا، ئۇنى ئىپادە قىلالايدۇ).

سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفىي ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن، زاھىدا⑥.

(سەن ئويلىغاندىن باشقا، جام ۋە شاراب مەۋجۇت، ئەي زاھىد، بىلمەسلىكتىن ئىچەرمەنلەرنى قوغلاپ يۈرمە).

شائىر ئېيتقان بۇ «جامۇ مەي» دەل ھەققە بولغان ئىشقنىڭ رەمزى ئىدى. جام بولسا كۆڭۈل، يەنى قەلب، مەي بولسا ئىشق.

تەگمەسە بەزمىڭدە مەي، بەسدۇرۇر ئول سۇ ماڭا،
كىم سەن ئىچەر جامنى سۇچى ئالىپ يايقامىش.

(ماڭا بەزمەڭدە شاراب تەگمىسە، سۇ بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، چۈنكى سەن شاراب ئىچكەن قاچىنى سۇ بىلەن چايقايدۇ).

مەسكەنىڭ مەي ئوتىدىن، ئەي مۇغ، ئېرۇر ئاتەشكەدە،
ئاندا بىر ئوتلۇغ سەمەندەر مەي تولا ھەرسارى بەت⑦.

(ئەي مەيپۇرۇش، مەي تەپتىدىن ماكانىڭ ئوتدانغا ئوخشاپتۇ، بۇ يەردىكى ئۆردەك شەكىللىك جام خۇددى سەمەندەرنىڭ ئۆزىكەن).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر تەسەۋۋۇپ نەزەرىيەسى بىلەن پىششىق تونۇشقان، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپلا قالماستىن، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىق ئەتكەن تەرىقەت ئەھلىدۇر.

چۈن فەنا گەردى ياپار، نې سۇد تەختۇ جاھىگە،
كۆكنىڭ ئەنجۇمدىن مۇكەللەل ئەتلەسىن قىلساڭ دۇۋاج.

(تاجۇ تەختىڭدىن نېمە پايدا، ئاسماننىڭ يۇلتۇز گۈللۈك ئەتلەسلىرى بىلەن بېزىسەڭمۇ، بەربىر ئۇنى يوقىلىش توزاڭلىرى باسىدۇ).

نەۋائىي، ئەنجۇمەنني شەۋقى جان ئارا تۇزسەڭ،
ئانىڭ باشاغلىق ئوقىن شەمئى ئەنجۇمەن قىلغىل.

(نەۋائىي، جان ئىچىدە ئىشقىي سورۇننى تۈزمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ باشاقلىق ئوقىنى سورۇننىڭ چىرىغى قىلغىن).

ئەي فەلەك، ئەنجۇم ئۇشاق تاشىن يىغىپ باشىمغە ئات،
چۈن فەنا مەيخانەسى خىشتىدىن ئولدى تۇربەتىم[8].

(ئەي پەلەك، ئۇششاق يۇلتۇز تاشلىرىنى يىغىپ بېشىمغا ئات، مېنىڭ قەبرەم يوقىلىش مەيخانىسىنىڭ كېسەكلىرىدىن پەيدا بولغان.)

«ئەنجۇمەن» ـــ جامائەت ئىچىدە، كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ، قەلبىدە پەقەت ھەقنىلا ياد ئېتىشتۇر.

«فەنا ـــ » يوق بولماق ياكى ئۆلمەك دېگەن سۆز بولۇپ، تەسەۋۋۇپتا ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ، ھەق ۋۇجۇدىدا يوق بولۇشتۇر. نەۋائىينىڭ پارسچە شېئىرلىرىدا «فەنا» تەخەللۇسىنىڭ مەنىسى ـــ ھەق بىلەن قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش دېمەكتۇر.

نەۋائىي، كەئبە زىكرىن قويكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەپ،
زەھەبنا ۋادىيەل ـ مەقسەد، ۋەجەدنا ماھۇۋەل ـ مەقسۇد.

(نەۋائىي، كەبىنىڭ گېپىنى قوي، بىز يوقىلىش مەيخانىسىنى ئىزدەپ، مەقسەت ۋادىسىنى كېزىپ، كۆزلىگەن نىشاننى تاپتۇق).

ئەي كۆڭۈل، نەقدى ھەياتىڭ قىل فەنا يولدا سەرف،
ھەيف ئېرۇر گەر بولسا ئۆمرى نۇھ ئۇچۇن سىغالغۇدەك.

(ئەي كۆڭۈل، ھاياتىڭ بايلىقىنى يوقىلىش يولىغا سەرپ قىل، ئۆمۈر نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئۆمرىدەك بولىدىغان بولسا ئۇۋال كېتىدۇ).

يۈز بىرلە گەر دەيرى فەنا يولىن سۈپۈرسەم ۋەجھى بار.
كىم دەير پىرى ئىلكىدە بۇنەۋئى ئولۇپمەن رۇ بەرەھ[9].

(فەنا مەيخانىسىنىڭ يولىنى يۈزۈم بىلەن سۈپۈرسەم، بۇنىڭ سەۋەبى بار، چۈنكى مەيخانىچى ئالدىدا يول باشلىغۇچى بولغانمەن).

دېمەك، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىش يەنى «فەنا» بولۇش، شائىرنىڭ نەزىرىدىكى تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىدا، «ھەقىقەت سىرلىرى»نى بىلگەن، ھېس قىلغان ئارىپ ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت مۇشۇ «سىرلار»نى بىلىشكە، چۈشىنىشكە باشلىغان كىشىگىلا سىمۋوللار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىشى مۇمكىن، دەپ قارىلىدۇ[10].

ئىككىنچى، نەۋائىينىڭ ئىشق ئېڭى:

ئىشق ـ مۇھەببەت كىشىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق بىر ھالقا، بىر مىللەتنىڭ مۇھەببەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىنىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ۋە

مەنىۋى قىياپىتىگە باغلىق. ئىشق ـ مۇھەببەت مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئائىلە تۈۋرۈكى ئەمەس، يەنە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت سۈپىتى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋاسىتىلىرى تۈۋرۈكىسىدىنمۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

ئىشق ـ مۇھەببەت ئېگىز ئاددىيلا ئاڭ بولماي، ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئاڭدۇر. ئۆمۈر تارىخى بىلەن ئائىلە تارىخىنىڭ نەچچە ئون يىللاپ داۋاملىشىشى دەل مۇھەببەتنىڭ ئېتىقاد تىپىدىكى ئاڭ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىدە:

ئۆرتەسە ئىشق مېنى، سورما سەبەب،
كۆيسە خاشاك يالىندىن نې ئەجەب[11].

(ئىشق مېنى كۆيدۈرگەنىكەن، سەۋەبىنى سورىما، چۈنكى خەشەكنىڭ يالقۇندا كۆيۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس).

ئەھۋالىما فەرھاد ئىلە مەجنۇنغە تەئەججۇپ،
ئىشق ئەتتى خىرەد ئەھلى قاشىدا مېنى رەسۋا.

(مېنىڭ ئەھۋالىمغا پەرھات، مەجنۇنلارمۇ ھەيران قالىدۇ؛ مۇھەببەت مېنى ئەقىل ـ ھوشى بارلار ئالدىدا رەسۋا قىلىۋەتتى).

زىندەدىل مەجنۇننىڭ ئۆلمىش كۆڭلى چۈن لەيلىغە ھەي،
بەس، نى ئاسىغ ئانى ھەيدىن قاۋلاماغلىق، ئەي ئەرەب.

(كۆڭلى ئويغاق مەجنۇننىڭ كۆڭلى لەيلى ئۈچۈن ھاياتلىق ئىدى، ئەي ئەرەب، ئۇنى ھەي قوۋمىدىن قوغلاشنىڭ پايدىسى نېمە؟)

نېچە ياغدۇرسا غەم تاشىن فىراق ئەتفالى، ئەي مەجنۇن،
نې غەم باش ئۈزرە لەيلى بارگاھى بولسا قالقانىڭ[12].

(ئەي مەجنۇن، لەيلى بارگاھى باش ئۈستىدە قالقان بولغاندا، پىراق باللىرى غەم تاشلىرىنى قانچە ياغدۇرسىمۇ نېمە غەم).

نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» (قۇشلار تىلى) ئەسىرىدە مەجنۇننىڭ مۇنداق بىر ھېكايىتى بايان قىلىنغان:

كىم بىراۋ بىر كۈن دېدى «ئاتىڭ نېدۇر؟»
دېدى: «لەيلى» دېدى «ئىسباتىڭ نېدۇر»
دېدى: «ئۇلكىم لەيلى ئولدى زات ئاڭا:
كىم ساڭا شەكدۇر، ماڭا بۇدۇر يەقىن»
بۇيلە ئاشىقلىقغە يۈز مىڭ ئافىرىن[13].

نەۋائىي ئۆز مۇناجاتى ئىچىدە مانا شۇ ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان ئىلاھىي ئىشقتا «يۈز مىڭ ئاپىرىن» ئوقۇيدۇ.

نەۋائىينىڭ ئىدىيەسىدىكى مەجازىي ئىشق ئارقىلىق ھەقىقىي ئىشققا يېتىش، مەجازىي ئىشقنىڭ ھەقىقىي ئىشق يولىدىكى كۆۋرۈك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراش، شائىرنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىغىمۇ سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇ قاراش گەۋدىلەنگەن.

فانىيا، لافى فەنا ئۇرماقنى قوي،
ۋەسىل ئىپسەكامىلىڭ، فەنا ئوتىغا كۆي.
ئەۋرۇلۇپ شەمئى ئوتىغە پەرۋانەۋار،
ئۆزنى تاشلا شۇئلەغە دىۋانەۋار[9].

مەنىسى: ئەي فانىي، فانىيلىق (يوق بولۇش) ھەققىدە لاپ ئۇرۇشنى قوي، ۋىسالغا ئېرىشمەكچى بولساڭ فانىيلىق ئوتىدا كۆي، شام ئوتىنى ئايلانغان پەرۋانىگە ئوخشاش ئۆزۈڭنى شولىغا سەۋدايىلاردەك ئۇر.

نەۋائىينىڭ قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ ئىنساننى ھەقكە ئېلىپ بارىدىغان پاكلىق، خالىسلىق، سەممىيلىك يولىغا ئۈندەيدىغان ئىلىم. نەۋائىينىڭ نەزىرىدىكى ئىشق «ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى مەھۋ (يوق) ئېتىش». قەلبنى ھەق سۆيگۈسى بىلەن تولدۇرۇش، ئۆزلۈكنى يوق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىشق ــ مۇھەببەت ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشى يەنە ئىنساننىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىغا، ئۇنىڭ ئېتىقادى، سەنئىتى، فولكلورى، پەرزەنت تەربىيەلىنىشى، قانداشلىق قەبىلە، مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىقى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ۋاستىلىك، ئىجادىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، نەۋائىينىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى:

نەۋائىي بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار، تۈركمەنلەر، تاجىكلار ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇ رىۋايەتلەر بىر قىسىم پارچە قول يازمىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ.

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بايانلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر: نەۋائىي ھىراتتا تۇرغان مەزگىللەردە دۆلەتمەن ئائىلىلەردىن بىر كىشىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان. قىز ــ يىگىت ئوتتۇرىسىدا ئىشق ــ مۇھەببەت رىشتىسى باغلانغان.

ئون سەكىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندادۇر،
نە ئەجەپ، چۈن سەرۋىنازىم ئون سەكىز ياشىندادۇر.

(ئەگەر ئۇنىڭ بېشىدا ئون سەككىز مىڭ ئالەم غوۋغا كۆتۈرسە، ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى بۇ گۈزىلىم ئون سەككىز ياشتا).

دېسە بولغايكىم، يەنە ھەم ئون سەكىز يىل ھۆسنى بار،
ئون سەكىز ياشىندا مۇنچە فىتنەكىم باشىندادۇر .

(ئون سەككىز يېشىدا بېشىدا مۇنچىلىك غوۋغا كۆتۈرۈلگەن تۇرسا، يەنە ئون سەككىز يىللىق ھۆسنى بار، دېسە بولىدۇ).

ئون سەكىز يىل دېمە، يۈز سەكسەن يىل ئولسا، ئولدۇرۇر
ھۆسن شاھى، ئول بەلالاركىم كۆزۈ قاشىندەدۇر[10].

(ئون سەككىز يىل دېمە، يۈز سەكسەن يىل بولسىمۇ، ئاشۇ بالا ــ قازا كۆز ــ قېشى بار بولىدىكەن، ئۇ يەنىلا گۈزەللىك شاھى بولىدۇ).

بىراق، نەۋائىي ۋىسال بېغىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئۇ ئىشق كويىغا كىرگەن شۇ مەزگىللەردە ھىراتتا ئىگە ــ چاقىسىز، باش ــ پاناھسىز بولۇپ قالغان. بۇ غۇربەت ئۇنىڭ ئىشق ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا چوڭ توسقۇنلۇق قىلغانىدى.

باي باينىڭ قاياشى بولغان ئۇ زاماندا، ئاتىسىنىڭ ئىززىتىدىن ۋە مال ــ مۈلكىدىن مەھرۇم بولغان

يىگىتنى باي ـ دۆلەتمەن ئائىلە ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىشنى مۇناسىپ كۆرمىگەن، نەسەب ـ مەرتىۋە سۈرۈشتۈرىدىغان ئائىلىدە ئۆسكەن ۋە فېئوداللىق ـ مۇتەئەسسىپلىك روھىدا تەربىيەلەنگەن قىز، يەنى نەۋائىينىڭ مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش دۆلەتمەن ئائىلىگە ياتلىق بولۇشنى راۋا كۆرگەن. بۇ ئەھۋال نەۋائىينىڭ مۇنۇ غەزەللىرىدە ئىپادىلەنگەن:

ۋاي، يۈزىمىڭ ۋايكىم تەركى مۇھەببەت قىلدى يار،
بىلمەيىن قالدىم مەن ھەم قىلماي خەبەر ئايرىلدى يار.

(ۋاي داد، يۈزىمىڭ داد، يار مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچتى، مەنمۇ بىلمەي قالدىم، ئۇ خەۋەر قىلمايلا ئايرىلدى.)

باردى ئوقتەك تېزۇ يادەك قامەتىم ياد ئەتمەدى،
ئىشق ئارا گۇيا مېنىڭ ئەگرىلىكىمنى بىلدى يار.

(يادەك قامىتىمنى ئويلاپمۇ قويماي، ئوقتەك تېز كېتىپ قالدى، گويا ئۇ مېنى مۇھەببەت بابىدا ئەگرى دەپ بىلسە كېرەك).

چۇن گەدالار بىرلە شاھلار قىلماس ئەرمىش يارلىغ،
مەن گەدانى كۆزگە بەس نەچۇن بۇرۇندىن ئىلدى يار.

(پادىشاھلار گادايلاردىن يار تۇتماس ئىدى، بىراق ئۇ بۇرۇن مېنى نېمشقا كۆزىگە ئىلغان بولغىيدى).

پەند ئىشىتىپ، دوستلار، ھېچكىم بىلە يار ئولماڭىز،
كىم مېنىڭ باغرىمنى تىغى ھەجر بىرلە تىلدى يار.[10]

(ئەي دوستلار، نەسىھەت ئاڭلاپ، ھېچكىم بىلەن دوست ـ يار بولماڭلار، چۈنكى مېنىڭ باغرىمنى ھىجران تىغى بىلەن ئاشۇ يارىلدى).

نەۋائىي مۇھەببەت ۋەقەسىدىن كۆرگەن دەرد ـ ئەلەم تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، ھاۋايۇ ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرنى بايان قىلغان. نەۋائىي تۇنجى ۋەدىلەشكەن مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە «فەقىرلەر»دىن «مېھرىبان غەمگۇزار» ئىزدىگەن. ئاخىر ھەمدەرد بولارلىق بىر لايىق تاپقان. ئەپسۇسكى، نىكاھلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان، تۇيۇقسىز تەگكەن كېسەل بىلەن بۇ لايىقى ۋاپات بولغان.

بايان: «سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن نەۋائىي بىر كۈنى باغقا كېتىۋېتىپ تاسادىپىيلا بىر ئۆينىڭ ھويلىسىدا تۇرغان گۈزەل قىز گۈلنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولىدۇ. گۈلمۇ بۇ ياش ۋەزىرنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. نەۋائىي قىزنىڭ ئاتىسىدىن نىكاھقا رازىلىق ئالىدۇ. ئەتىسى سۇلتان ۋەزىرى نەۋائىينى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىدۇ. گۈل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغۇسى ئېرى نەۋائىينى كۆرۈش ئۈچۈن باغنىڭ تېمىدىن يولغا قارايدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. ئەلچىلىر قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆز سۆيگۈسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە قىزنىڭ ئۆيىگە سۇلتاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ بارىدۇ. قىز زار ـ زار يىغلاپ بىر شەرت بىلەن رازى بولىدۇ. يەنى، ئىككى خىل دورا كەلتۈرۈپ، بىرىنى ئۆزى ئىچىدۇ، يەنە بىرىنى نەۋائىيغا ئىچۈرىدۇ. بۇ دورا قىرىق كۈندىن كېيىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ گۈلنىڭ جېنىنى، نەۋائىينىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىدىكەن، گۈل ئۆلۈمگە بەش كۈن قالغاندا نەۋائىينى سارايغا چاقىرتىدۇ. دەل بۇ چاغدا سۇلتان شىكاردىن قايتىپ گۈلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالىدۇ. نەۋائىي بۇنىڭدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قالىدۇ. قىرىق كۈن بولغاندا

گۈل ئۆلىدۇ. ئوردا ئەھلى بۇ مۇسىبەتنى سۇلتان ھۈسەينگە يەتكۈزۈشنى نەۋائىيدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. نەۋائىي سۇلتان ھۈسەينگە: «سەرۋىنىڭ سايىسىدا سولدى گۈل نە قىلماق كېرەك؟» دەيدۇ. سۇلتان بۇنىڭغا جاۋابەن: «سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن كېپەن ئەتمەك كېرەك» دەيدۇ. ئۇلار كۆز يېشى تۆكۈپ گۈلنى دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىي ئۆمۈر بويى توي قىلمايدۇ...»[1]

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش تۈزگەن «شەرق رىۋايەتلىرىدە ئەلشىر نەۋائىي»دا، ئۇشبۇ رىۋايەتنىڭ تۈركمەن خەلق ئارىسىدىكى ۋارىيانتى «سولدى گۈل نېتمەك كېرەك؟» ۋە « گۈل ۋە سۇلتان سۆيۈن» رىۋايىتىدە گۈل سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئامراق خوتۇنىنىڭ نەۋائىي بىلەن ھېچقانداق مۇھەببەت پاجىئەسى يوق ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىپ، مەزمۇن جەھەتتە بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلسا، «گۈل بىلەن ئەلشىرنىڭ ھېكايىسى»[2]دە سۇلتان ھۈسەين بايقارا بىلەن نەۋائىينىڭ ناتونۇشلاردىن ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىلىپ، يېقىن مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق توقۇلما رىۋايەتلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ نەۋائىي ھاياتىدىكى رېئال كەچۈرمىشلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئۇيغۇنلۇقى ھەققىدە نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىدە ھازىرغىچە ئېنىق يەكۈن چىقىرىلمىدى.

كۆپلىگەن كىلاسسىكلىرىمىز نەۋائىي ئۇسلۇبىدا ئەسەر ياراتقان بولۇپ، مۇنداق بەزى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقمايلا نەۋائىي ئەسەرلىرى دەپ قاراپ كەلدۇق. شۇ سەۋەبتىن، غەزەل ۋە رىۋايەتلەردە قارىمۇقارشى مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا چىقتى. نەۋائىي ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەلقنىڭ نەۋائىيغا بولغان سېغىنىشى، ياد ئېتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ بىرگە پەقەت مەنبەشۇناسلىق جەھەتتە پاكىتلىق رولىغا ئەمەس، بەلكى ئىكىلەمچى رولغا ئىگە بولۇپ، نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىز مۇنداق رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. شۇنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىش كېرەككى، نەۋائىيشۇناسلىق ساھەسىدە قىلىنغان زور خىزمەتلەر يالغۇز يىرىك مەنبەلەر ئۈستىدىكى مەتىنشۇناسلىق بىلەن چەكلەنمەسلىكى، يىرىك مەنبە تەتقىقاتى روشەن نۇقتىئىنەزەر ئاستىدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەن يورۇتۇلۇشى لازىم.

مېنىڭچە، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئۆمرىنى تەنھا بويتاق ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ سىرى تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىدۇر. نەۋائىي ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتا. بۇنىڭسىز نەۋائىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى مەنە ئۈنچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. نەۋائىي ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ئىجادىيەتكە، ئەلنىڭ پاراۋانلىقىغا بېغىشلىغان. نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى ئىنچىكە تەرەپلەر، جۈملىدىن شائىرنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىدىكى بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىدىغان مۇڭ ـ زارى بىرگە ئۇنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىدىن دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. نەۋائىينىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلەر ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى سىرلار نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما سۈپىتىدە داۋاملىق تەتقىق قىلىنغۇسى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، چولپان نەشرىياتى، تاشكەنت، 1992 ـ يىلى نەشرى، 38 ـ بەت.

② زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 318 ـ، 319 ـ بەت.

③ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر»، («غەرائىبۇس - سىغەر») شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 144 - بەت.

④ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 75 -، 76- بەت.

⑤ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («فەۋائىدۇل كىبەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 511 - 531 - بەت.

⑥ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر»، («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 12 - بەت.

⑦ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 88 -، 94 - بەت.

⑧ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 40 -، 120 -، 124 - بەت.

⑨ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 48 -، 110 -، 159 - بەت.

⑩ ج . س . تىرىمىنگام: «ئىسلامدىكى سوپىلىق تەرىقەتلىرى»، موسكۋا، 1989 - يىلى رۇسچە نەشرى، 118 - بەت.

⑪ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («فەۋائىدۇل، كىبەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 439 - بەت.

⑫ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 20 -، 25 -، 118 - بەت.

⑬⑭ ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇت - تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق، 4 - سان، 61 -، 62 -، 81 - بەت.

⑮ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («بەدائىيۇل - ۋەسەت»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 354 - بەت.

⑯ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» («غەرائىبۇس - سىغەر»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 59 - بەت.

⑰⑱ تۇرسۇن قۇربان تۇركەش: «شەرق رىۋايەتلىرىدە ئەلىشىر نەۋائىي»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 - يىلى نەشرى، 23 -، 253 -، 381 - بەت.

(ئاپتورى: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى پوستدوكتورانتى)

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر

## خەسىسنىڭ ئىلتىماسى

خەسىسلىكى بىلەن ئەرەب ۋە ئەجەم خەلقى ئارىسىدا مەشھۇر بولغان شەممامەنىڭ ئۆيىگە شۇ مەھەللىدىكى نامرات بىر كىشى بىرئاز پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىپ كەلدى. شەممامە قاپىقىنى تۈرۈپ نامرات قوشنىسىغا دېدى:

— خوپ، بولىدۇ، ئۇنداقتا سەن ئاۋۋال مېنىڭ سەندىن تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىل، ئۇندىن كېيىن، سەن نېمە تەلەپ قىلساڭ، مەن تەلىپىڭنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن.

نامرات كىشى تەۋازۇ بىلەن سورىدى:

— جېنىم بىلەن، قېنى مەرھەمەت قىلىپ ئىلتىماسىڭىزنى ئېيتىڭ.

شەممامە دېدى:

— سەندىن ئىلتىماسىم ۋە ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، مانا مۇشۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن مەندىن بىرەر نەرسە سورىما ۋە تىلىمە.

## ئەرنى يەر قىلغان خوتۇن

بۇخارا ئەمىرى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى، ئۇ شاھزادە بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان قىرىق نەپەر ئوغۇل بالىنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ شاھزادە بىلەن بىللە تەربىيەلىدى. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ شاھزادە ۋە ئۇنىڭ خاس بۇرادەرلىرىدىن بولغان قىرىق نەپەر يىگىت ئون سەككىز ياشقا كىردى، ئۇلار ئەلەمدە ۋە قەلەمدە تەڭ يېتىلىپ، زامانىسىنىڭ ئەڭ باتۇر باھادىرلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. ئەمىر شاھزادىسىگە قانداق كۆيۈنسە ۋە كۆڭۈل بۆلسە، ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەرگىمۇ شۇنداق ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى ئەمىر ئۇلاردىن ھەربىي ئىشلار دەستۇرىدىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنى سوراپ ئىمتىھان ئالدى، ئاخىردا سورالغان بىر مۇرەككەپ سوئال جاۋابسىز قالدى، بارلىق يىگىتلەرنىڭ ئالدى ۋە ئەڭ پاراسەتلىكى سانىلىپ كەلگەن شاھزادىمۇ بۇ ئاخىرقى سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئەمىرنى ئۈمۈتسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن يىگىتلەر ئارىسىدىكى بەختىياربېك ئىسىملىك يىگىت ئەمىرنىڭ سوئالىغا ئەدەپ ۋە تەۋازۇ بىلەن تولۇق ھەم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى، ئەمىر ئۇنىڭ پاساھەتلىك ۋە مەزمۇندار سۆزلىرىدىن، ئەدەپ ۋە ئەخلاق بابىدىكى تەۋازۇلىرىدىن، دادىل ۋە جاسارىتىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى شاھانە تون بىلەن تارتۇقلىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمىر قوشنا ئەلگە قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى، جەڭ مەيدانىدا شاھزادە ۋە ئۇنىڭ قىرىق نەپەر بۇرادىرى مىسلىسىز باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە غايەت زور تۆھپە ياراتتى. بولۇپمۇ بەختىياربېكنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى جەسۇرلۇقى، مەردانىلىكى، جەڭ تاكتىكىسى ۋە جەڭ ماھارىتى پۈتۈن قوشۇننىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، نۆكەرلەرنىڭ جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى، بۇ ھال ئەمىرنى خۇشال قىلغان بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئەمىر

ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن كۆڭۈل سىرىنى سادىق ۋەزىرلىرىدىن بىرىگە دېدى:

— مەن ياشىنىپ قالدىم، تاجۇ تەختىمنى شاھزادىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. لېكىن، بىر نەرسە مېنى تەشۋىشلەندۈرىدۇكى، ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىمايدۇ. شاھزادە ئەلەمدە ۋە قەلەمدە تەڭ يېتىلگەن باتۇرلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىكى باتۇرلاردىن بەختىيار بېك ئىسىملىك يىگىت ھەرقايسى جەھەتتىن ئۇنى بېسىپ چۈشىدۇ. مانا شۇ يىگىت كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانلىقىمىزنىڭ دۈشمىنى، شاھزادىنىڭ رەقىبى بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كۆزدىن يوقىتىشنى قارار قىلدىم. جانابى ۋەزىر بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز بېجىرگەيسىز.

ئەمىرنىڭ قارارىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ۋەزىر ئەمىردىن ئۆتۈندى:

— ئەي ئالەمپاناھ ئەمىرىم، بەختىياربېك شاھزادە بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلدى، سىزنىڭ مۇددىئايىڭىزمۇ بۇ يىگىتلەرنى شاھزادىگە ئوخشاش ئەلەمدار ۋە قەلەمدار قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىپ خاندانلىقىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ جاسارىتى ۋە ماھارىتى شاھزادىنى بېسىپ چۈشتى. ئەگەر بەختىياربېكنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانسىڭىز، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شاھزادە ئۈچۈن تەھدىت دەپ بىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھاجەتسىز، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، مەن باشقىچە بىر تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىمەن، ھاياتىم بىلەن سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، كەلگۈسىدە ئۇ ھېچكىمگە ھالاكەت بېرەلمەيدۇ.

دېمەك، ئەمىر بۇ ئىشنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇش بىلەن كۈپايىلەندى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەختىياربېك دېگەن بۇ ئىسىم بارا - بارا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە ئەمىر بىلەن ئۇنىڭ سادىق ۋەزىرى پۇقراچە كىيىنىپ شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ مەھەللە - كويلارنى ئارىلاپ يۈرگىنىدە، بىر كونا تامنىڭ تۈۋىدە پۇت - قوللىرىنى قاسماق باسقان، پۈتۈن بەدىنىدىن بەتبۇي پۇراق تارقىلىپ تۇرغان، ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقال بۇرۇتلىرىدىكى غىزا قالدۇقلىرىغا قونغان چىۋىنلارنىڭ گىژىلداشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن گەدىنىنى قاشلاپ، دۈمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ، تۇپراققا مىلىنىپ ئولتۇرغان بىر دىۋانىنى ئۇچراتتى. ئەمىر ۋەزىردىن سورىدى:

— ھورۇنلۇقىدىن يۈز - كۆزىگە قونغان چىۋىنىنىمۇ قورۇۋېتىشكە رىغبىتى يوق، مۇنچە خۇنۇك ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ دىۋانە بوۋاي كىم بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىمى يوقمىدۇ؟

ۋەزىر جاۋاب بەردى:

— ئەي ئالەمپاناھ ئەمىر، بۇ ئەينى يىللى سىز ئەقىل - ئىدراكى، پەم - پاراستى، باتۇرلۇقى ۋە جەسۇرلۇقىغا قايىل بولغان بەختىياربېك بولىدۇ. سىزنىڭ كەڭچىلىكىڭىز بىلەن مەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدىم، لېكىن كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى بەتخۇي، شۇم ئېغىز، قانائەتسىز، ھازازۇل، ھورۇن، نادان بىر ئايالغا ئۆيلەندۈردۈم. ئەنە شۇ ئايال بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇ بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالدى.

## يېرىم يارماق

بىر كۈنى شەممامە ئېھتىياتسىزلىقتىن يېرىم يارماق پۇلىنى چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۇ ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ ئاخىر بوسۇغا تۈۋىدىن يېرىم يارماقنى تېپىۋالدى - دە، خۇشاللىقىدىن پۇلنى دەرھال قولىغا ئېلىپ سۆيدى ۋە چۆنتىكىگە سالدى - دە، دېدى:

— ئەي پۇل، ئاتامسەن، ئانامسەن، دوستۇمسەن، يارىمسەن سەن! سەن نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى كەزدىڭ، قانچىلىغان بايلارنى خانىۋەيران قىلدىڭ، نۇرغۇنلىغان كەمبەغەللەرنى باي قىلدىڭ. قانچىلىغان نادانلارنى دانا، قانچىلىغان دانالارنى نادان قىلدىڭ. قانچىلىغان دۇرۇس نىيەتلىك كىشىلەرنى ئاداشتۇردۇڭ. مانا ئەمدى جايىڭنى تاپتىڭ، ئەمدى ھېچكىمنىڭ راھىتىنى بۇزالمايسەن، بۇ يەردىن ھېچكىم سېنى تارتىۋالالمايدۇ.

## ئاچ ئەرۋاھ

بىر سەھرالىق كىشى سەمەرقەنت شەھرىگە كەلدى، رەستىلەردىكى ناۋايخانىلاردا كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى تارتىپ، زوقىنى قوزغايدىغان مەززىلىك نانلارنىڭ ھىدى ئۇنىڭ دىماقلىرىنى غىدىقلىدى. ئۇ ناۋايخانىغا كىردى ۋە غوجايىندىن سورىدى:

— غوجايىن، قانچە پۇل بەرسەم قارنىم تويغۇدەك نان بېرىسەن؟

غوجايىن كۆڭلىدە: «بۇ نانلارنىڭ بىرى ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنى تويغۇزالايدىغان تۇرسا، ھەرقانچە كۆپ يېسىمۇ بىر ياكى ئىككىنى يەيدىغاندۇ» دەپ ئويلىدى ۋە جاۋاب بەردى:

— يېرىم دىنار بېرىپ تويغۇچە يەۋالغىن.

سەھرالىق كىشى ناۋايخانا غوجايىنىغا يېرىم دىنار بەردى ۋە ناۋايخانا ئاستىدىن شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ خونچىدىكى دەستىلەپ قويۇلغان ناندىن ئېلىپ ئېقىن سۇغا تۈگۈرۈپ يېيىشكە باشلىدى. تونۇردىن يېڭىدىن سويۇپ ئېلىنغان نانلار خونچىغا دەستىلىنىپ قويۇلۇۋەردى، سەھرالىق كىشى ئۇنىڭدىن ئېلىپ سۇغا تۈگۈرۈپ يەۋەردى. غوجايىنىنىڭ پىغانى ئۆرلەپ، تاقىتى تاق بولۇپ ئۇنىڭغا دېدى:

— ھەي بۇرادەر، يېرىم دىنارلىق نان يەيمەن دېگەنىدىڭ، بۇ ئەپتىڭدە ناۋايخانامدىكى ناننىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىدىغان ئوخشايسەن، تېخىچە تويمايۋاتامسەن؟

سەھرالىق كىشى جاۋاب بەردى:

— ئەزىز غوجايىن، مۇنچە سەۋرسىزلىك نە ھاجەت؟ مەن نانلىرىڭدىن مانا شۇ ئېرىقتىكى سۇ تامام بولغۇچىلا يەيمەن، خالاس.

## ئوغرى كىم

گۇگۇم پەيتىدە نامرات بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى، ئۇ ئۆي ئىچىدىن دەسلەپتە ئېلىپ چىقىپ كەتكۈدەك بىرەر نەرسە تاپالماي جەھلى چىقىپ، ھەممە ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى ـ دە، بولۇڭغا تۆكۈپ قويغان ھاكنى ئۇن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، شۇ «ئۇن»نى ئۇسۇپ ئاچىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، بېشىدىكى سەللىسى بىلەن ئۈستىدىكى تونىنى يېشىپ يەرگە يايدى ـ دە، ئۆرۈلۈپ «ئۇن»نى ئۇۋۇملاپ ئالدى. شۇ چاغدا بىلدىكى، بولۇڭغا دۆۋىلەپ تۆكۈپ قويۇلغىنى ئۇن بولماستىن ھاك ئىكەن. ئوغرى ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يەرگە يايغان سەللىسى بىلەن تونىنى ئاچىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۆرۈلۈپ قارىدى ـ يۇ، ھەيران بولدى، سەللە بىلەن تون يوقالغانىدى. ئەسلىدە ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ بولۇڭىدا تۇرۇپ، ئوغرىنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ سەللىسى بىلەن تونىنى ئېلىۋالغانىدى. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن ئوغرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىشى بىلەن ئۆي ئىگىسى بارچە ئاۋازى بىلەن: «ئوغرىنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. قورقۇپ كەتكەن ئوغرى غەزەپلىنىپ:

— ھەي نائىنساب، ئوغرى مەنمۇ ياكى سەنمۇ؟!
— دېدى.

## ئەمانىڭ ئايالى

قوقەنتتە بىر ئەما كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ چىرايى تولىمۇ سەت ئىدى. ئايال بىر كۈنى ئېرىگە دېدى:

— ھەتتىگىنەي، ئەگەردە كۆزۈڭ كور بولمىغىنىدا مېنىڭ ھۆسنۈ جامالىمنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ، گۈزەللىكىمدىن ئاڭ قالغان بولاتتىڭ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەما ئايالىغا دېدى:

— تىلىڭنى تارتساڭچۇ، خوتۇن، ئەگەر ھۆسنۈ جامالىڭ ئېيتقىنىڭدەك چىرايلىق بولغىنىدا، ماڭا ئوخشاش كورغا تېگەرمىدىڭ؟

## بارۇ يوق ئۈزۈك

ياركەنت رەستىسىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئىنتايىن دوستانە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان، دۇكانلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان سالىمباي ۋە خۇرسەندباي ئىسىملىك زەردارلار بار ئىدى. سالىمباي قولى ئوچۇق، سېخىي كىشى ئىدى، خۇرسەندباي خەسىسراق كىشى بولۇپ، باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان، بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرمىگەننى ئاز دەپ، باشقىلارنىڭ ئېسىلرەك بىرەر بۇيۇمىنى كۆرسىلا ئۇنىڭغا كۆز قىزارتىپ، شۇ نەرسىنى ھەدىيە قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، دوستلىرىنى تەڭلىكتە قالدۇراتتى، ھەممىلەن ئۇنىڭ بۇ بەتقىلىقلىقىدىن بىزار ئىدى. بۇرادىرى سالىمباينىڭ بارمىقىدىكى قىممەت باھا زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈككە خۇرسەندباينىڭ كۆزى چۈشۈپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان بولۇپ، سالىمبايدىن ئۈزۈكنى سورايدىغان پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇرسەندباي كاشغەر شەھرىگە كەتمەكچى بولۇپ قالدى، ئۇ دوستى سالىمباي بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلدى:

— ئەي ئەزىز بۇرادىرىم، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سەن بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ ياشاپ كەلگەنىدىم، مانا ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ يىراقلارغا سەپەر قىلىش جۇدالىقى دىلىمنى ئېزىپ، باغرىمنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، سەندىن ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتىمەن. سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، مۇشۇ بارمىقىڭدىكى زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكۈڭنى ماڭا ھەدىيە قىلساڭ، مۇساپىرچىلىقتا ئۇنى ھەر بىر قېتىم بارمىقىمدا كۆرگىنىمدە «بۇ ئۈزۈكنى دوستۇم ھەدىيە قىلغانىدى» دەپ خۇرسەنلىك بىلەن سېنى ئەسلەپ، سۆيۈق كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرسەم.

بۇنى ئاڭلىغان سالىمباي خۇرسەندباينىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتتى ۋە دوستىنىڭ باشقا يۇرتلاردىمۇ كىشىلەردىن نەرسە سوراپ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، دوستىنى ئىبرەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي بۇرادەر، ئۆزگە يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلىرىڭدە، ھەر كۈنى نەچچە رەت قوللىرىڭنى يۇغاندا، بارمىقىڭنىڭ بوش تۇرغانلىقىغا كۆزۈڭ چۈشكەندە: «ئەينى ۋاقىتتا دوستۇم سالىمباينىڭ ئۈزۈكىنى سورىغانىدىم، لېكىن ئۇ بەرمىگەنىدى» دەپ ئويلاپ، مېنى ئەسلەپ تۇرۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن.

## تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەش

ئەخمەق ۋە ھاماقەتلىكى بىلەن ئەرەب ۋە ئەجەم ئەللىرىگە مەشھۇر بولغان ئەزھەرى جەمماز ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ

غوجىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئون تۇياق تۆگىنى ھەيدەپ، باشقا بىر ئاۋۇلغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇ يېرىم يولغا يەتكەندە چارچىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۆگىلەر ئىچىدىكى ئەڭ يارام نار تۆگىگە مىنىۋېلىپ، يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ئەزھەرى جەمماز نار تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ تۆگىلەرنى سانىغانىدى، بىرى كەم چىقتى، ئۇ ئەنسىرەپ تۆگىدىن چۈشۈپ سانىغانىدى، تۆگىلەر ئون بولۇپ چىقتى. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ تۆگىگە مىندى ۋە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم تۆگىلەرنى سانىغانىدى، تۆگىلەردىن بىرى كەم چىقتى. بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلەنگەن ئەزھەرى جەمماز: «تۆگىگە مىنىپ ماڭسام تۆگىلەردىن بىرىنى يوقىتىپ قويىدىكەنمەن، پىيادە ماڭسام تۆگىنى يوقىتىپ قويمايدىكەنمەن» دەپ ئويلاپ، يىراق مەنزىلگە ھالىدىن كەتكىنچە پىيادە يېتىپ باردى.

## قارا كۈن

كارۋان خىۋە شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا، مەھكەمىباينىڭ لىق تىللا تولدۇرۇلغان ھەميىنىنى سەپەرداشلىرىدىن بىرى ئوغرىلىۋالدى. ئۇ مۇنچە كۆپ بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى پەرىز قىلالمىدى ۋە ھەسرەت بىلەن دېدى:

— دۇنيادا بۈگۈنكى كۈندىنمۇ ئۆتە قارا كۈن بولمىسا كېرەك.

ئوغرى مۇغەمبەرلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئەمەس.

## نېمە تېرساڭ، شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالىسەن

بۇخارادا باي بىر زەرگەر بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىنتايىن لاتاپەتلىك ۋە پەزىلەتلىك، گۈزەل خوتۇنى بار ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە مېھىر ـ مۇھەببەتلىك، ساداقەتمەن ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. قوشنا مەھەللىدە مۇلايىم ۋە ھايالىق بىر سوغىچى بار بولۇپ، يىگىرمە يىلدىن بېرى زەرگەرنىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇپ ئەكېلىپ بېرىۋاتاتتى. بىر كۈنى سوغىچى زەرگەرنىڭ ئۆيىگە ئادەتتىكىدەك سۇ ئەكېلىپ كاتتا ھويلىدىكى كۆپىنى سۇ بىلەن تولدۇردى، زەرگەرنىڭ گۈزەل خوتۇنى سوغىچىنىڭ ئىش ھەققىنى ئاچىقىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى. كۆتۈلمىگەندە سوغىچى ئايالنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ نازۇك قولىغا سۆيۈۋالدى ۋە چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى دەرۋازا سىرتىغا ئاتتى. بۇ تاسادىپىي ۋەقەدىن دىلى غەش بولغان ئايالنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولدى ـ دە، كەچقۇرۇن ئېرى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بېگىم، سىز بۈگۈن گۈزەل ئەخلاققا يات بولغان بىرەر ناشايان ئىش قىلغانمىدىڭىز؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ئوڭايسىزلانغان ۋە ئەجەپلەنگەن زەرگەر خوتۇنىدىن سورىدى:

— شۇنچە يىلدىن بېرى تۇنجى رەت مۇنداق سوئالنى سورىشىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدىن؟

ئايال قانچە يىللاردىن بېرى سەممىيلىك ۋە پاكلىق بىلەن بۇ ئۆينىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، سۇ توشۇپ ئەكېلىپ بېرىۋاتقان سوغىچىنىڭ بۈگۈنكى ئەدەپسىزلىكىنى ئېرىگە ئېيتىپ بەردى ۋە دېدى:

— توي قىلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە مەندىن سىزگە خىيانەت قىلىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەنىدى، بۇنىڭدىن سىزگە بولغان ئىشەنچىم كۈچلۈك ئىدى. لېكىن، بۈگۈن يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن كۆڭلۈم تۇيدىكى، سىزدىن ماڭا خىيانەت يۈز بەرگەن، بولمىسا بۈگۈن ئۆيىمىزدە بۇ گۇناھكارلىق سادىر بولمىغان بولاتتى. چۈنكى،

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «نېمە تېرىساڭ، شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالىسەن» دەپ ئېيتقان.

بۇلارنى ئاڭلىغان زەرگەرنىڭ غەزىپى تاشتى، لېكىن دەرھال ئۆزىنى بېسىپ: «يا رەببىم، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىل» دەپ نىدا قىلىپ ياقىسىنى تۇتتى ۋە دېدى:

— بۈگۈن بىر گۈزەل ئايال دۇكانغا كەلدى ۋە دۇكاندىكى ئەڭ چىرايلىق بىلەزۈكنى تاللىدى، مەن بىلەزۈكنى ئېلىپ ئايالنىڭ بىلىكىگە تاقاپ قويدۇم. شۇ چاغدا ھېس قىلدىمكى، ئايالنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن يېقىملىق، بىلەكلىرى ۋە قوللىرى شۇ قەدەر نازۇك ۋە چىرايلىق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا ئايالنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرىنى تۇتۇپ، قوللىرىغا سۆيدۇم.

ئەر ـ خوتۇن بىر ھازاغىچە گەپ سۆز قىلىشماستىن سۈكۈتكە چۆمدى ۋە بۇ ئىشلارنى قايتا تىلغا ئېلىشماستىن دەرقەمتە تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ئىستىغپار نامىزى ئوقۇپ، گۇناھلىرىغا تۇۋا ئىستىغپار قىلىشىپ ئۇخلاشتى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن سوغىچى يەنە زەرگەرنىڭ ئۆيىگە سۇ ئېلىپ كەلدى ۋە ئايالنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى:

— ئەي كەرەملىك ساھىبە، مەن گۇناھكارنىڭ بىئەدەپلىكى ھەم ناشايان قىلمىشلىرىنى كەچۈرگىن! تونۇگۈن مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ، بولمىسا مۇنداق گۇناھ مەندىن سادىر بولمىغان بولاتتى.

ئايال سوغىچىغا دېدى:

— قىلمىشلىرىڭدىن كۆپ ئۆكۈنمە، مەلۇمكى، شەيتان ئەسلىدە سېنى ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئېرىمنى يولدىن ئازدۇرغانىكەن.

## پاراسەتلىك قازى

بىر كىشى: «ھازىر جاھان تىنچسىز، بېشىمغا كۈن چۈشكەن كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالار» دېگەن ئوي بىلەن مىڭ سەر ئالتۇننى كوزىغا سېلىپ، قەدىمىي ئورمانلىقتىكى ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويدى، ئۇ پات ـ پات بېرىپ كوزىنىڭ ئاق قېيىننىڭ تۈۋىدە بار ـ يوقلۇقىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئورمانلىققا بېرىپ كۆردىكى، كۆمۈپ قويغان كوزا يوق، ئالتۇنلىرى يوقالغان، ھەتتا ئاق قېيىننىڭ يىلتىزلىرىمۇ كېسىۋېلىنغان. ئۇ پەرياد كۆتۈرۈپ شەھەر قازىخانىسىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ، قازىغا ئالتۇنلىرىنى تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. دەۋاگەرنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان قازى ئۇنىڭغا دېدى:

— چۈشەندىم، سەن ھازىرچە ئۆيۈڭگە قايتىپ تۇر، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن كەل، لېكىن بولغان ۋەقەنى ھېچكىمگە ئېيتقۇچى بولما.

دەۋاگەر ئۈمىد بىلەن ئۆيىگە قايتتى، قازى مۇلازىمىنى شۇ شەھەردىكى داڭلىق تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، تېۋىپ قازىخانىغا يېتىپ كەلدى، قازى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى ۋە سورىدى:

— جانابىي تېۋىپ، قەدىمىي ئورمانلىقتىكى ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ يىلتىزى بىرەر كېسەلگە شىپا بولامدۇ؟

تېۋىپ تەۋازۇ بىلەن جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، تەقسىر، دېگەنلىرى بەرھەق، ئاق قېيىننىڭ يىلتىزى زىققا كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

قازى يەنە سورىدى:

— يېقىنقى بىرقانچە كۈن ئىچىدە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىرەر كېسەلنى داۋالاپ باقتىڭىزمۇ؟

تېۋىپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، تەخسىر، رەستىدىكى بەرمەسباينىڭ كېسىلىنى داۋالاشتا يېڭىدىن قىرقىپ كېلىنگەن ئاق قېيىننىڭ يىلتىزىنى

ئىشلىتىشكە بۇيرۇغانىدۇق.

قازى بەرمەسباينى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چاكارنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراق قىلدى. ئاقىۋەت، بەرمەسباينىڭ چاكىرى ئاق قېيىنىنىڭ يىلتىزىنى قىرقىش جەريانىدا كوزىدىكى ئالتۇنلارنى ئۇچراتقانلىقى ۋە ئۇنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئالتۇنلار ئاخىر ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى.

## تەدبىرلىك قازى

موللا ئابىد بىلەن موللا سابىت زەھرا ئاتىنىڭ ئوتۇنلىرىنى كەسلەپ بېرىش ئىشىنى ھۆددە ئالدى. موللا ئابىد يوغان پالتا بىلەن بىر كۈن ئارام ئالماي ئوتۇن كەسلەپ ئىشنى تاماملىدى، موللا سابىت بولسا قولىدىكى ھەرىنى بىرەر قېتىممۇ مىدىرلىتىپ قويماستىن، ئوتۇن كەسلەۋاتقان موللا ئابىدنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: «يارايسەن، بارىكاللا» دېيىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان زەھرا ئاتىن كەچقۇرۇن ئىش ھەققىنى موللا ئابىدقا بەردى، بۇنىڭدىن نارازى بولغان موللا سابىت قازىغا ئەرز قىلدى. قازى بولغان ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇنداقتا سەن قايسى قىلغان ئىشىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىسەن؟

موللا سابىت جاۋاب بەردى:

— مەن بىر كۈن ئىچىدە موللا ئابىد دەرەخنى كېسىپ تاكى ئوتۇن قىلىپ كەسلەپ ئوتۇنخانىغا ئاپىرىپ تىزىپ دۆۋىلىگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى ئۈچ يۈز قېتىم: «يارايسەن، بارىكاللا» دەپ موللا ئابىدنى رىغبەتلەندۇرۇپ ھەرە تارتقاندىنمۇ بەكرەك چارچىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىش ھەققىنىڭ يېرىمى مېنىڭ بولۇشى كېرەك.

بۇنى ئاڭلىغان قازى موللا ئابىدنىڭ قولىدىكى ھەميانىنى ئېلىپ موللا سابىتقا بەردى ۋە ئۇنى ھەميانىنى ئۈچ يۈز قېتىم ئاسمانغا ئېتىپ، ھەر بىر قېتىمدا «يارايسەن، بارىكاللا» دەپ تۇۋلاشقا بۇيرۇدى. موللا سابىت قازىنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈردى ۋە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. قازى ئۇنىڭ قولىدىكى ھەميانىنى ئېلىپ موللا ئابىدقا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، موللا سابىتتىن سورىدى:

— ھەميانىنى ئاسمانغا ئېتىپ قايتا تۇتۇۋالغان چاغدا ھەميانىدىكى تەڭگىلەرنىڭ جىرىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

موللا سابىت جاۋاب بەردى:

— ئاڭلىدىم.

قازى ھۆكۈم چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇنداقتا ياخشى، ھەميانىدىكى تەڭگىلەر موللا ئابىدنىڭ، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز سېنىڭ بولسۇن.

[20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە تاش باسمىسىدا بېسىلغان «جامىئۇل ـ ھىكايات» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى (ئىدارىسى) قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ]

# پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمىگۈل ئابلىز

1. ئاتا - ئانا بالىسىنىڭ تېشىنى بىلەر، ئىچىنى بىلمەس.
2. ئاتا - ئانا — بالىنىڭ ئەينىكى.
3. ئاتا - ئانا قانداق بولسا، بالا شۇنداق بولۇر.
4. ئاتا - ئانىنىڭ ھاياتى بالىسىدا.
5. ئاتا - ئانىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغۇل - قىزىنىڭ چىشى قامار.
6. ئاتا كۆرگەن ئوقيا ياسار، ئانا كۆرگەن كىيىم پىچار.
7. ئاتا ھۈنىرى ئوغۇلغا مىراس، ئانا ھۈنىرى قىزغا (مىراس).
8. ئات قېشىدا تۇرسا، ئاتنىڭ خۇيىنى ئالار، ئېشەك قېشىدا تۇرسا، ئېشەكنىڭ (خۇيىنى ئالار).
9. ئانىسى بار لەۋەن بالا، ئانىسى بار بەلەن بالا.
10. ئانىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق، ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ.
11. ئانىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ.
12. ئانىسى قىلغاننى بالىسى دوراپتۇ.
13. ئانىسى كورت ئەتسە، بالىسى پوق ئېتىدۇ.
14. ئانىسىنى بالىسى دوراپتۇ، گەپ ئاڭلىمايدىغان ئانىسى جوراپتۇ.
15. ئانىسى ئوغرىلىق قىلسا، بالىسى قاتىللىق قىپتۇ.
16. ئانىسى يوق بالا قۇلۇپسىز ئىشىك بىلەن تەڭ.
17. ئانىغا بېقىپ ئوغلى بولۇر، ئانىغا بېقىپ قىزى (بولۇر).
18. ئاتىنىڭ پەزىلىتى ئوغۇلغا مىراس.
19. ئاتىنىڭ تەدبىرى — بالىنىڭ تەقدىرى.
20. ئاتىنىڭ قىلىقى بالىغا ئەينەك.
21. ئاتىنىڭ ھورى بالىنىڭ دۆلىتىنى ئىسسىتالماس.
22. ئاچچىق دورا كېسەلگە داۋا، قاتتىق گەپ ئىللەتكە داۋا.
23. ئادەم ئادەم يېنىدا تۇرسا ئادەمنىڭ خۇيىنى ئالۇر، ھايۋان يېنىدا تۇرسا ھايۋاننىڭ خۇيىنى ئالۇر.
24. ئادەم بالىسى دۇكان كۆرمىگۈچە ئادەم بولماس.
25. ئادەم بولماق تەس، ئەخمەق بولماق ئاسان.
26. ئادەم بولىدىغان بالا يېشىدىن مەلۇم، گالدى - گۇلدۇڭ بېشىدىن مەلۇم.
27. ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى تەس.
28. ئادەم ئېغىلدا ياشىسا، ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار.
29. ئارزۇلىغان ئەي بولماس.
30. ئازما قوزۇقتا توختار، بالا ئەمچەكتە (توختار).
31. ئارغامچىسى ئۆزۈن ئات ئېتىزغا سىغماس.
32. ئاكىسىغا بېقىپ ئۇكىسى چوڭ بولىدۇ.
33. ئاكىنى كۆرۈپ ئىنىسى ئۆسەر.
34. ئاناڭ ئۆگەي بولسا تويۇڭ بۇزۇلار، ئاتاڭ ئۆگەي بولسا خۇيۇڭ بۇزۇلار.
35. ئانىسى بۇزۇقنىڭ بالىسى بۇزۇق.
36. ئانىسى چوڭ بولمىغۇچە، قىزى چوڭ بولماس.
37. ئانىسى ساغلام بولسا، بالىسى پاقلان بولۇر.
38. ئانىسى غەيۋەتخور بولسا، قىزى غودۇرىغاق كېلەر.

39. ئانىسى غورا يېسە، قىزنىڭ چىشى قاماپتۇ.
40. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چا قۇيرۇق.
41. ئالا كالىنىڭ بالىسى شىنا قۇيرۇق.
42. ئالدى چاق نەدە ماڭسا،
كەينى چاق شۇ ئىزدا ماڭىدۇ.
43. ئالدىمدا تورسا بار بالام،
كەينىمگە ئۆتسە يوق بالام.
44. ئالدىن ئۆزۈڭنى تۈزە،
ئاندىن بالاڭنى (تۈزە).
45. ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار،
ئادەم بولاي دېسەڭ مەشرەپكە بار.
46. ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن ئەقىل كالا سۈتى بىلەن كىرمەس.
47. ئانا مېھرى — بالا بەختى.
48. ئانا ئېيتىپ زېرىكمەس،
بالا يېتىپ (زېرىكمەس).
49. ئانىسى بالىسىنى داڭلاپ كەلسە، بالىسى ھاڭراپ كەپتۇ.
50. ئانىسى لالا بولسا، بالىسى بالا بولۇر.
51. ئانىسى يەكلىگەننى بالىسى چوقۇر.
52. ئائىلە نامرات بولسا، ئوغۇل ۋاپادار بولۇر.
53. ئاننىڭ ئاچچىق سۆزى پەرزەنتىنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچار.
54. ئاننىڭ ئادىتى قىزىغا ئۆلگە.
55. ئاننىڭ ئەركە بالىسى — دادىنىڭ ئەسكى بالىسى.
56. ئايالىڭغا چىرايىڭنى بەر، كۆڭلۈڭنى بەرمە،
بالاڭغا كۆڭلۈڭنى بەر، چىرايىڭنى بەرمە.
57. ئايغىرى ئالا بولسا، قۇلۇنى ئالا ئاياغ بولۇر.
58. ئەخلاقسىز بالا — مۈڭگۈزى يوق كالا.
59. ئەخمەق ئوغۇل دادىسىنىڭ چېچىنى ئاقارتار.
60. ئەدەپلىك بالا ئۆيۈننى ئويۇن قىلىدۇ،
ئەدەپسىز بالا ئۆيۈننى قۇيۇن قىلىدۇ.
61. ئەركە بالا جانغا جازا،
چوڭ بولغاندا بالا ـ قازا.
62. ئەركە قىلماڭ بالىنى،
باشقا كىيەر ھويلىنى.
63. ئەركە ئۆسكەن بالا،
بولار ئىشقا چالا.
64. ئەركىلىتىش ئاپەت،
باشقۇرۇش مۇھەببەت.
65. ئەركىلىتىۋەرسەڭ ئېشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقار.
66. ئەرگە باتىنسا ئانىسى،
ھەددىدىن ئاشار بالىسى.
67. ئەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ — نەسلىڭنى قۇرۇتتۇڭ.
68. ئەقىلسىز بالا ئاتىغا يۈك.
69. ئەقىلسىز بالا — باشقا بالا.
70. ئەگرى دەرەخ كەسمەي تۈزەلمەس.
71. ئەگرى كۆچەتتىن ئەگرى دەرەخ چىقار.
72. ئەل بار سورۇندا ئوغلۇڭنى چوكۇرمە،
ئەر بار سورۇندا قىزىڭنى چوكۇرمە.
73. بار ـ يوقى بىر بالام،
باش ـ كۆزى تاز بالام.
74. باش بويۇن بىلەن،
بالا ئويۇن بىلەن.
75. باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس.
76. بالا ئالتە ئايلىقتا ئاتتا ئولتۇرار،
يەتتە ئايلىقتا يەردە ئولتۇرار.
77. بالا ئەمگەك سۆيمىدى،
دېمەك ساڭا كۆيمىدى.
78. بالا باقساڭ قومۇلۇقتا باق،
مالنى باقساڭ سايلىقتا باق.
79. بالا باققان كەپتەرنىڭ مەيدىسىنىڭ تۈكى يوق.
80. بالا بولسا شوخ بولسا،
شوخ بولمىسا يوق بولسا.
81. بالا بىزنىڭكى،
ئەقىل ـ ھوشى ئۆزىنىڭكى.
82. بالا تۇغۇلۇشىغىلا تەربىيە بەر،
ئوت ئۈنۈشىگىلا ئوتاپ بەر.
83. بالا تېپىش بىر قىيىن،
ئۇنى بېقىش مىڭ قىيىن.
84. بالا تېپىشنى توخۇمۇ بىلىر، تەربىيەلەشنى بىلمەس.
85. بالا چوڭ بولدى،
قۇلىقى پاك بولدى.
86. بالا خام بولسا ئىشتىن يانار،
ئاش خام بولسا گالدىن (يانار).
87. بالا دەپ سالمىغىن جېنىڭنى بالاغا،

بالا ئۈچۈن بولۇرسەن بالاغا مۇپتىلا.
88. بالا دېسەم بالا بولدى.
89. بالا دېدىم، بالاغا قالدىم.
90. بالا زاكىسىدىن مەلۇم.
91. بالا زامانىسىغا ئوخشار.
92. بالا سۇ تۆكەر،
چوڭنىڭ يانپېشى سۇنار.
93. بالاغەتكە يەتكەن قىز ئەينەك ئالدىدىن كەتمەس.
94. بالا غەم يېگۈچە، ئاتا ئەلەم يەر.
95. بالا قۇچاقتىكى چاغدا سۆيدۈرەر،
ئۆسكەن چاغدا كۆيدۈرەر.
96. بالا — قىلغان ئىشى چالا.
97. بالا كۆرگەننى دورايدۇ،
قېرى كۆرگەننى سورايدۇ.
98. بالا كىچىكىدە ئەمچەككە ئامراق،
چوڭ بولغاندا يانچۇققا (ئامراق).
99. بالا گەپ ئاڭلىمىسا باشقا بالا.
100. بالاڭ ئادەم بولمىسا، ئۆزۈڭدىن سورا.
101. بالاڭ بىلىمنى مەكتەپتىن، تەلىمنى مەشرەپتىن ئالسۇن.
102. بالاڭ دۆت بولسا بولسۇنكى، يالغانچى بولمىسۇن.
103. بالاڭغا بېرىپ باق،
كەينىدىن سوراپ باق.
104. بالاڭغا تۈۋرۈك بول،
تۈۋرۈك بولالمىساڭ چىۋىق بول.
105. بالاڭغا كۆيسەڭ، يامان ئىشتىن توس.
106. بالاڭغا ماياق تۇتقۇزما،
مۇتىھەمگە تاياق (تۇتقۇزما).
107. بالاڭغا كۆيۈنسەڭ تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ يە.
108. بالاڭغا ئىنساپ تىلە،
ئۆزۈڭگە ئىمان (تىلە).
109. بالاڭ كاردىن چىقسا، نەسلىڭ قۇرار.
110. بالاڭ كەلتۈرگەن زىيانغا يىغلىما،
بالاڭغا يېتىدىغان زىيانغا يىغلا.
111. بالاڭنى ئاڭلىق قىلمىساڭ نەسلىڭ قۇرار.
112. بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن.
113. بالاڭنى ئەدەپكە ئۆگەتمىسەڭ نەسلىڭ قۇرار.
114. بالاڭنى ئەركە باقساڭ تاشلايدۇ،
چوڭ بولغاندا كۆزۈڭنى ياشلايدۇ.
115. بالاڭنى پۇللۇقمۇ قىلما، پۇلسىزمۇ قويما.
116. بالاڭنى كۆر، جېنىڭنى كۆر.
117. بالاڭنىڭ چوڭى نېمە ئىش قىلسا، كىچىكىمۇ شۇنى قىلار.
118. بالاڭنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى چىچقان پوقىدىن مەلۇم.
119. بالاڭنىڭ قولىنى تاشقا ئۆگەتمە،
ئاغزىنى تىللاشقا (ئۆگەتمە).
120. بالاڭنىڭ كەپسىزلىكى ئەيىب ئەمەس،
نادانلىقى ئەيىب.
121. بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا (باق).
122. بالاڭنىڭ يىغىسىدىن قورقما، يېغىسىدىن قورق.
123. بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
مەكتەپتىن كېيىن مەشرەپكە بەر.
124. بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
مەكتەپكە بەرمىسەڭ مەشرەپكە بەر.
125. بالاڭنى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ بېشىڭغا چىچار،
چىۋىننى قورۇمىساڭ ئېشىڭغا (چىچار).
126. بالاڭنى مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ، چەللىدە ئات چاپتۇرار.
127. بالاڭنى مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ، ئوچىقىڭنى بۇزار.
128. بالاڭنى ئىشقا بۇيرۇساڭ ئارقىسىدىن ئۆزۈڭ بار.
129. بالاڭنى يېتىلەپ قاۋاقنى كۆرسەتكۈچە،
مەكتەپكە ئاپىرىپ ساۋاقنى كۆرسەت.
130. بالاڭ يامان بولسا ئۆزۈڭدىن كۆر.
131. بالام ـ بالام دېگەنلەر،
چىچىپ پوقىنى يېگەنلەر.
132. بالام بېشىغا چۈشمىسۇن، تاختا بېشىدىكى كەكە.
133. بالام خار بولسۇن دېسەڭ، ئەركىلەت.
134. بالام دەپ يۈرمىگىن تالاغا،
بالا ئۈچۈن قالۇرسەن بالاغا.

135. بالا ئۆز زامانىسىغا ئوخشاپ تۇغۇلار.
136. بالا ئۆمىلىگەندە ئۆمىلىتەر.
137. بالا يەتتە ياشقىچە يەردىن تاياق يەر.
138. بالا يىغلاپ قورقۇتار،
قېرى يىقىلىپ (قورقۇتار).
139. بالىسىز قالغانمۇ يىغلايدۇ،
بالىسى يامانمۇ يىغلايدۇ.
140. بالىغا پىچاق بەرمىسەڭ بىر قېتىم يىغلايدۇ،
بەرسەڭ نەچچە قېتىم يىغلايدۇ.
141. بالىنى ئالدىدا يۇرۇپ باق،
كالىنى كەينىدە يۇرۇپ باق.
142. بالىنى ئەركە ئۆگەتسەڭ بېشىڭغا چىچار.
143. بالىنى ئەركە ئۆگەتسەڭ كۆرپىگە سىيەر.
144. بالىنى باشتىن ئۆگەت،
خوتۇنىنىمۇ باشتىن ئۆگەت.
145. بالىنى باق، كۆڭلىنى تاپ.
146. بالىنى بۇزغۇڭ كەلسە، ماختا.
147. بالىنى بىر تاپسەن، ئۆلگۈچە باقىسەن.
148. بالىنى تەربىيەلىمىسەڭ ئادەم بولماس،
كۆچەتنى پەرۋىش قىلمىساڭ ئورمان بولماس.
149. بالىنى چىڭ تۇتۇش — كۆيۈنگەنلىك،
مەيلىگە قويۇۋېتىش — زىيانكەشلىك.
150. بالىنى كىچىكىدىن ئۆگەت.
151. بالىنىڭ بويىنى تۇغقۇلۇق، خۇيىنى تۇغمىغۇلۇق.
152. بالىنىڭ جىم بولغىنى — ئىش تېرىغىنى.
153. بالىنىڭ كۆڭلى پادىشاھ.
154. بالىنىڭ ئوبدانلىقى ئاتا تەربىيەسىدىن.
155. بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس.
156. بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى شىش (بولماس).
157. بالىنىڭ ياخشىلىقى ئاتا ـ ئانىدىن بولۇر.
158. بالىنى ئۇرساڭ گۆشى قاتىدۇ،
تىللىساڭ يۈزى قاتىدۇ.
159. بالىنى ياشتىن ئاسرا،
كۆچەتنى باشتىن (ئاسرا).
160. باي بولاي دېسەڭ ئۆچكەڭنى سەركە باق،
خاپىلىقتا ئۆتەي دېسەڭ بالاڭنى ئەركە باق.
161. بايتال سەپەرگە ئاتلانسا،
تاي ئويۇنغا ماڭار.
162. بەزى بالا بار ئۆلۈم ئالغۇسىز،
بەزى بالا بار مىڭغا بەرگۈسىز.
163. بەڭباش بالا ئاتا ـ ئانىسىنى بوزۇن قېرىتار.
164. بەڭباش قوزا تۆلكىگە ئامراق.
165. بوش تۇتسا ئۇچۇپ كېتەر،
چىڭ تۇتسا مىجىلىپ (كېتەر).
166. بولۇشلۇق موزاي پوقىدىن مەلۇم،
بولۇشلۇق زىرائەت كۆكىدىن (مەلۇم).
167. بولىدىغان ئات قۇلىقىدىن مەلۇم،
بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن (مەلۇم).
168. بوۋاقنى ئاز بەر،
بوۋايغا ساز بەر.
169. بوۋاق ئاسماندا ئۇچقان قۇشنىڭ سايىسىدىمۇ تولغىنىدۇ.
170. بوۋاق تويغىنىنى بىلمەس،
چال قويغىنىنى (بىلمەس).
171. بوۋاي يىقىلسا يۆلەپ قوي،
بوۋاق يىغلىسا بۆلەپ قوي.
172. بوۋىقىڭنى كۆتۈرۈپ باق،
بوۋىيىڭنى كۆلدۈرۈپ (باق).
173. بوغداي ئۇنى دان بېرەر،
ئانا سۈتى جان بېرەر.
174. بوشوكتە كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقار.
175. بوشوكتىن چىقىپ توشوككە كىرگۈچە ئۆگەن.
176. بېخىلنىڭ بالىسى بەتبەخت بولۇر.
177. بېخىلنىڭ بالىسى چېڭگىز چىقار،
جاللاتنىڭ بالىسى بېگىز (چىقار).
178. يېڭى كەشنى كىيمەك تەس،
يالغۇز ئوغۇلنى باقماق تەس.
179. بېدە تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار،
گۆشنى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تېپىپ يېسۇن بالىلار.
180. بېغىڭ بولسا بوستان قىل،
بالاڭ بولسا موللا قىل.
181. بېغىڭنى چىت بىلەن قاشلا،
بالاڭنى كىچىكىدىن باشلا.

182. بىلىمسىز بالا ــ ئەقىلسىز كالا.
183. پاقا كۆلچەكتە يوغىنايدۇ،
بالا ئەمچەكتە (يوغىنايدۇ).
184. پالچىنىڭ ئوغلى موللا تاپقاق.
185. پۇتالمىغان ياغاچ ــ پۇتاقلىق.
186. پۇتالمىغان ياغاچ ــ تىكەنلىك.
187. پىلەككە يېقىپ خەمىكى بولۇر.
188. پىيازنىڭ بولۇشى كۆكىدىن مەلۇم.
189. تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا، ئاخىرى تاتلىق بولار.
190. تەربىيە قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولۇر.
191. تەربىيەسىز ئادەم ــ جېنى يوق بەدەن.
192. تەنقىد ئاقارتىدۇ،
ماختاش قاپارتىدۇ.
193. توخۇ چۈجىسىنى ساقلىيالمىسا، سار ئېلىپ قاچىدۇ.
194. توخۇنىڭ نابابلىقىدىن چۈجىسىنى سار يەر.
195. تولا يىغلىغان بالا ئېلىپ كېلەر.
196. توۋا قىلغانغا تىللا بەر.
197. تۇغۇلۇپ ئەيىبناق بولماس،
تۇرۇپ ئەيىبناق بولار.
198. تۆمۈرنى تاۋلاپ ئىشلەت،
بالاڭنى ئالداپ (ئىشلەت).
199. تۇزلىگەن بالا ئالتۇندىن قىممەت.
200. تۇۋرۇك مايماق بولسا، خار سىڭارىيان بولىدۇ.
201. تېرىق قۇلىقىدىن،
ئادەم كىچىكىدىن.
202. تېرىق قۇلىقىدىن مەلۇم،
بالا قىلىقىدىن (مەلۇم).
203. تېكىنى پىچسا سەركە بولۇر،
ئارزۇلىغان بالا ئەركە بولۇر.
204. تىزگىنسىز ئات يارغا چۈشىدۇ.
205. چاشقانغا تۆشۈكتە ئارام،
بوۋاققا بۆشۈكتە ئارام.
206. چاشقاننىڭ جاجىسى مۆشۈك،
بالىنىڭ جاجىسى بۆشۈك.
207. چاقتا گۇناھ يوق، شانىسى بۇزۇق،
قىزدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق،
208. چاقنى بۇزغان تانىسى،
قىزنى بۇزغان ئانىسى.
209. چاڭگا بۇزۇلسا توخۇم ساق قالماس.
210. چوڭى بېشىنى ئاچسا، كىچىكى كۆتىنى ئاچار.
211. چوڭى نېمە قىلسا، كىچىكمۇ شۇنى قىلار.
212. چۈچۈتكەن ياغ تەملىك.
213. چىرايلىق بالام بولغۇچە، ئەدەپلىك بالام بول.
214. چىش چىققان بالىغا چايناپ بەرگەن ئاش بولماس.
215. چىۋىقنى ئەگمەك ئاسان،
دەرەخنى ئەگمەك تەس.
216. خېمىر ئۇچىدىن پېتىر.
217. خېنىم بالام ئۇز،
ئەتكەن ئېشى تۇز.
218. دادا، نەسىھىتىڭ بالىلارغا بولسۇن يادا.
219. دادىسى تازنىڭ بېرى تاز،
ئانىسى تازنىڭ بەرى تاز.
220. دادىسى هاراق ئىچسە، بالىسى مەست بوپتۇ.
221. دادىغا يېقىپ بالا چوڭ بولۇر.
222. دادىنىڭ بالا تەربىيەلىمىگىنى ــ ئۆزىگە دۈشمەن يېتىشتۈرگىنى.
223. دەرەخ ئون يىلدا يېتىلەر،
ئادەت يۈز يىلدا (يېتىلەر).
224. دۇنيا ــ ئىبرەت سارىيى.
225. زىرائەت كۆكىدىن،
بالا كىچىكىدىن.
226. ساراڭنى ساراڭ دەۋەرسە،
بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولار.
227. سەركە سۇ ئىچسە، ئوغلاق توڭلار.
228. سەللىنى ساغراڭغا ئۇرما،
كىچىك بالىنى ئىشقا بۇيرۇما.
229. سەن يالغۇزۇپ ئۆتسەڭ،
بالاڭ يىغلاپ ئۆتەر.
230. سەۋەبنى ئاتىدىن ئىزدە،
نۇقسانىنى بالىدىن (ئىزدە).
231. سىياسەتنىڭ تېشىدا، كىچىك بالىنىڭ قېشىدا ئىش قىلماڭ.
232. غورۇنى چىڭگىتقان پانىسى،

قىزنى چىڭتقان ئانىسى.
233. قاپاقنىڭ بالىسى نوگاي چۈشىدۇ.
234. قاپاق ساڭگىلاپ چوڭ بولۇر،
بالا يىغلاپ چوڭ بولۇر.
235. قاتتىق تەربىيەنىڭ تاتلىق لەززىتى بار.
236. قاتتىق گەپ قىلساڭ قېتىۋالىدۇ،
يۇمشاق گەپ قىلساڭ يېتىۋالىدۇ.
237. قاراي دېسەم يالماۋۇز بالام،
قارىماي دېسەم يالغۇز بالام.
238. قارىغۇ بالىسىنىڭ كۆزىنى سىلار،
سىلاپ ـ سىلاپ قارىغۇ قىلىپ قويار.
239. قازان قايناپ ئوتنى ئۆچۈردى،
بالام ئويناپ بىزنى كۆچۈردى.
240. قاغا بالام ئاپپاق دەر،
كىرپە بالام يۇمشاق دەر.
241. قاغا ئېيتار ئاپپاق بالام،
كىرپە ئېيتار يۇمشاق بالام.
242. قانجۇق سەكرىسە كۈچۈك قاۋار.
243. قوزاڭنىڭ ئېتىگە قارا،
بالاڭنىڭ خېتىگە (قارا).
244. قوي بىلىنەر قوزا چېغىدا،
كېۋەز بىلىنەر غوزا چېغىدا.
245. قۇش بالىسى ئۇۋىدا نېمە يېسە،
ئۇچقاندا شۇنى ئىزدەيدۇ.
246. قۇشقاچقا تۇشۇك ياخشى،
بوۋاققا بۆشۈك (ياخشى).
247. قىز ساقلىساڭ ئۇز ساقلا.
248. قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن،
ئوغۇلنى ئاتىسى (ساقلىسۇن).
249. قىزنىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ، تەڭتۇشى بىلەن سىرداش.
250. قىزنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ئانىدىن،
ئوغۇلنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ئاتىدىن.
251. قىزنىڭ ئۈزلۈكى ئانىغا تالىق،
ئوغۇلنىڭ ئۈزلۈكى ئاتىغا (تالىق).
252. قىزىڭ بولسا سەگەك بول،
لايىقى كىرسە بەگەك بول.
253. قىزىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا، ئوغلۇڭنى قەدىرلە.
254. قىزىڭنى تالادىن توس،
ئوغلۇڭنى بالادىن (توس).
255. قىزىڭنى رەڭگە ئۆگەتمە،
ئوغلۇڭنى بەڭگە (ئۆگەتمە).
256. قىزىڭنىڭ قولىغا باق،
ئوغلۇڭنىڭ يولىغا (باق).
257. قىزىڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
ئوغلۇڭنىڭ ئويلىشىغا (باق).
258. قىزىڭنى ماختىما، ئىشىدىن دادلىما.
259. قىزىڭنى نومۇسچان قىل،
ئوغلۇڭنى تىرىشچان (قىل).
260. قىيسايغان تامغا يۆلەنچۈك ياخشى،
كىچىك بالىغا بۆلەنچۈك (ياخشى).
261. كالاڭغا كۆڭۈل بۆلگۈچە،
بالاڭغا كۆڭۈل بۆل.
262. كالاڭ گەپ يېمىسە، مۈڭگۈزىنى سىلا،
بالاڭ گەپ يېمىسە، باش ـ كۆزىنى سىلا.
263. كالاڭنىڭ قورسىقى كۆپسە ئاغزىغا كالتەك سال،
بالاڭ دەم ـ دەم تورسا قولىغا غالتەك سال.
264. كالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باغلا،
بالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باشلا.
265. كالىلار سۇ ئىچسە، موزايلار مۇز يالار.
266. كالىنى كۆندە مىنسەڭ قوشقا يارىماس،
بالىغا كۆندە زۇلۇم قىلساڭ ئادەم بولماس.
267. كاۋا ئىچىدە ئۆسسەڭ يۇمىلاق بولۇرسەن،
تەرخەمەك ئىچىدە ئۆسسەڭ ئۇزۇنچاق بولۇرسەن.
268. كۆچەتكە پەرۋىش كېرەك،
بالىغا تەربىيە (كېرەك).
269. كۆچەتنى يۆلىمىسەڭ ئەگرى چوڭ بولۇر.
270. كېيىنكى چاق ئالدىنقى چاقنىڭ ئىزىدىن ماڭار.
271. كىچىك بالا تومۇرچى كېلەر.
272. كىچىك بالا يۇمران چېچەك،
ساغلام باقمىساڭ بولىدۇ پۇچەك.
273. كىچىك بالىغا تىللا بەرسەڭ،
ئېلىپ يەيدىغىنى لىغىلداق (لەڭپۇڭ).

274. كىچىك بالىنى بازارغا ئەۋەتمە،
ئايال كىشىنى تۈگمەنگە (ئەۋەتمە).
275. كىچىك بالىنىڭ ئېغىزىنى ئاشقا ئۆگەتمەڭ،
قولىنى ئۇسۇراشقا.
276. كىچىك بالىنى ئىشقا بۇيرۇساڭ ، ئارقىسىدىن
ئۆزۈڭ بار.
277. كىچىك بالا يالغان سۆزلىمەس.
278. كىچىك دېمەڭ بالىنى،
ئەقىل تاپار ھامىنى.
279. كىچىكلەردىن گۇناھ، چوڭلاردىن ئەپۇ.
280. كىچىكدە ھاي بالام،
چوڭ بولغاندا ۋاي بالام.
281. كىچىكدە يىپ ئوغرىلىغان چوڭ بولغاندا
ئارغامچا ئوغرىلار.
282. كىچىكىدە ئوقۇساڭ چوڭ بولغۇچە بىلەرسەن،
چوڭ بولغاندا ئوقۇساڭ بىلىۋالغۇچە ئۆلەرسەن.
283. كىچىكنىڭ داۋاسى تولا،
قىزنىڭ باھانىسى (تولا).
284. گەپكە كىرمىگەن بالا ــ ساپانغا كۆنمىگەن
كالا.
285. گۇناھ قىلىش كىچىكتىن، كەچۈرۈش چوڭدىن.
286. مال ئىگىسىنى دورايدۇ.
287. ماي ئالاي دېسەڭ، قوچقار، سەركە باق،
خاپىلىقتا ئۆتەي دېسەڭ، بالاڭنى ئەركە باق.
288. مايسىنى باھاردا كۆر،
بالاڭنى كىچىكدە (كۆر).
289. مەشرەپ كۆرمىگەن ئەر ئەر ئەمەس.
290. مەكتەپ كۆرمىگەن بالا ــ پادا كۆرمىگەن
كالا.
291. موزاي سامانلىقنى بوشىتار،
كىچىك بالا نان ساندۇقىنى.
292. موزىيىڭ يامانلىق قىلسا، ئىنىكىڭنى ئۇر.
293. موللا بولماق ئاسان،
ئادەم بولماق تەس.
294. مولliga بەردىم ئوقۇسۇن دەپ،
ئۇستىغا بەردىم توقۇسۇن دەپ.
295. موماي باققان بالا ــ تامدىن سەكرىگەن كالا.
296. مېكىيان بوش بولسا، چۈجىنى سار يەيدۇ.
297. مېۋە چېچەكىدىن بىلىنەر،
بالا كىچىكىدىن (بىلىنەر).
298. نان بېرىپ چوڭ قىل،
تاياق بېرىپ ئوڭ قىل.
299. نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.
300. نەسىھەت ئاڭلىمىغان كىشى نەپرەت ئاڭلار.
301. نەسىھەت قىل سەۋر بىلەن،
ھۇسۇل ئالىسەن غەلۋىر بىلەن.
302. ھايالىق باق قىزىڭنى،
يەرگە قارىتار يۈزۈڭنى.
303. ھەر ئىشنى بېشىدىن باشلا،
تەربىيەنى كىچىكىدىن (باشلا).
304. ھەي ـ ھەي بالا،
ماڭغان يولۇڭغا قارا!
305. ھۆل ئوتۇننىڭ ئوتتا كۆيمىكى تەس،
ئەركە بالىنىڭ ئىشقا كۆنمىكى تەس.
306. ئوتنى تۇتاشقان ۋاقتىدا ئۆچۈر،
دەرەخنى جىرىم ۋاقتىدا تۈزە.
307. ئوغلاق يىلىكسىز،
بالا بىلىكسىز.
308. ئوغلۇڭ ئاڭلىق بولمىسا، نامىڭ ئۆچەر.
309. ئوغلۇڭ چوڭ بولسا ئۇلۇغلار بىلەن قوشنا
بول،
قىزىڭ چوڭ بولسا قىلىقلىقلار بىلەن قوشنا
بول.
310. ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، يىگىتلىكىڭنى ئالار،
قىزىڭ چوڭ بولسا، چوكانلىقىڭنى ئالار.
311. ئوغلۇڭغا كىيىم ئىزدىگۈچە، ئۇستاز ئىزدە.
312. ئوغلۇڭ مەھكەم بولسا كېلىنىڭ ئىشچان بولۇر،
ئوغلۇڭ بوشاڭ بولسا، كېلىنىڭ مىشچان بولۇر.
313. ئوغلۇڭنى ئاچ قويما،
قىزىڭنى باشتاق (قويما).
314. ئوغلۇڭنى بازاردا چوڭ قىل،
قىزىڭنى قازاناقتا (چوڭ قىل).
315. ئوغلۇڭنى غورىگىل باقما،
قىزىڭنى دۆت باقما.

316. ئوغلۇڭنى مەيدىن قاچۇر،
تېمىڭنى زەيدىن (قاچۇر).
317. ئوغلۇڭنى ھۈنەرگە ئۈگەت،
قىزىڭنى سۈلكەتكە (ئۈگەت).
318. ئوغلى تەرلەنسە، ئاتىسى راھەتلىنەر.
319. ئوغۇل ئاتىنى دورار،
قىز ئانىنى (دورار).
320. ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ھۈنەر
ئازلىق قىلۇر.
321. ئوغۇل تاغىنى دورار،
قىز ھاممىنى (دورار).
322. ئوغۇل دادىنىڭ،
قىز ئانىنىڭ.
323. ئوغۇلنىڭ كۆزى ئوشۇقتا،
قىزنىڭ كۆزى قوشۇقتا.
324. ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق،
قىزنىڭ چېچەنلىكى ئانىغا تالىق.
325. ئوقۇۋاتقان بالاڭغا تەلەپ قوي،
بېقىۋاتقان كالاڭغا ھەلەپ قوي.
326. ئۇراي دېسەم يالغۇز بالام،
ئۇرماي دېسەم ياۋۇز بالام.
327. ئۇرۇپ ـ تىللاش ئاسان، تەربىيەلەش قىيىن.
328. ئۇرۇشقاق بالا پۇتقا چۈشەك.
329. ئۆز بالاڭدىن ئەيىب ئۆتسە، ياتقا شىكايەت
قىلما.
330. ئۆز بالامنى كۆسەي بىلەن ئۇرسام يېنىپ
كىرەر،
كىشىنىڭ بالىسىنى نان بىلەن ئۇرسام قېچىپ
كېتەر.
331. ئۆستەڭگە سۇ كەلسە، قاش نەم تارتار،
بالا ئەخلاقسىز بولسا، ئاتا ـ ئانىسىنى يەرگە
قارىتار.
332. ئېمىزگە سېلىپ بالاڭنى گول قىل،
بورداپ بېقىپ كالاڭنى پۇل قىل.
333. ئىش كۆرمىگەن خام بالام،
ئەقىل ھوشى كەم بالام.
334. ئىشنى قىل ئەپ بىلەن،
بالاڭنى باشقۇر گەپ بىلەن.
335. ئېكەك يۇمشاق بولسا، تۇمۇردىن دات كەتمەس.
336. يورۇمىغان چىراغنىڭ پىلىكىنى تارتقۇلۇق،
گەپ ئاڭلىمىغاننىڭ قۇلىقىنى (تارتقۇلۇق).
337. ئىنسان ئىچىگە كىرمىگەن ئادەم ھايۋان بولار.
338. ياخشى ئات كۆندۈرۈشكە باغلىق،
ياخشى بالا تەربىيەلەشكە (باغلىق).
339. ياخشى بالا تېپىپ يەر،
يامان بالا سېتىپ يەر.
340. ياخشى بولسا بالا بولار،
يامان بولسا بالا بولار.
341. ياخشى بولسا ئۆزۈڭگە بالا،
يامان بولسا بېشىڭغا بالا.
342. ياخشى پەرزەنت بېشىڭنى كۆككە كۆتۈرەر.
343. ياخشى پەرزەنت بىلەن مۇرادقا يېتەرسەن،
يامان پەرزەنت بىلەن بالاغا قالارسەن.
344. ياشاش تەس ئەمەس،
ئادەم بولۇش تەس.
345. ياشتىن خاتا، چوڭدىن ئۆزرە.
346. ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ،
ئادەمنى تەربىيە (تۈزەيدۇ).
347. يالغۇز بالا ياۋدىن يامان.
348. يامان بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا بالا.
349. يامان بالا — يامان ئاتا ئۈچۈن بېرىلگەن جازا.
350. يامان بولسا بېشىڭغا بالا،
ياخشى بولسا ئۆزۈڭگە بالا.
351. يامان پەرزەنت پەگاغا چۈشەر،
ياخشى پەرزەنت تۆرگە چىقار.
352. يامانىنىڭ ئوتى يامان،
ئاتا ـ ئانىسى تاپمايدۇ ئامان.
353. ياۋاش بالا قۇيرۇق يەر،
كەپسىز بالا قوۋۇرغا يەر.
354. يەر بالىسى — پوق بالىسى،
بۆشۈك بالىسى — خان بالىسى.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم فاكۇلتېتىدا)

# بەھرام ۋە بەھمەن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

قەدىمكى زاماندا ئىككى پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى قوشقار پادىشاھ، يەنە بىرى ئادىل پادىشاھ ئىكەن. ئادىل پادىشاھ بىر مەملىكەتكە، قوشقار پادىشاھ بولسا يەتتە مەملىكەتكە ھۆكۈمران ئىكەن. ئادىل پادىشاھنىڭ بەھرام ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋە ستارە ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن. قوشقار پادىشاھنىڭ بەھمەن ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بەھمەن ئوۋغا چىقىپتۇ، ئۇ كېتىۋېتىپ چىرايلىق بىر كېيىكنى ئۇچرىتىپ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ ـ يۇ، لېكىن ھېچ يېقىنلىشالماپتۇ. كېيىك بولسا بىر دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بەھمەن دەرەخزارلىق ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاجايىپ گۈزەل بىر چاھارباغنى كۆرۈپتۇ، ئاشۇ كۈنى ئادىل پادىشاھنىڭ قىزى دوستلىرى بىلەن شۇ چاھارباغقا سەيلىگە چىققانىكەن. بەھمەننىڭ كۆزى تۇيۇقسىز پەرى سۈپەت گۈزەل مەلىكىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، ئەگەر ئاتام شۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بەرمىسە، ئادىل پادىشاھنىڭ يۇرتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. بەھمەن ئوۋدىن قايتىپ ئۇدۇل ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەزىز ئوغلۇم، ئادىل پادىشاھ ھازىرنىڭ ئۆزىدە رازى بولمىسا، بىر سائەتنىڭ ئىچىدە پۈتۈن مەملىكىتىنى خەلقى بىلەن قوشۇپ نابۇت قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ قوشقار پادىشاھ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادىل پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئادىل پادىشاھ:

— مەن قوشقار پادىشاھنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن، ئەمما قىزىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا ئاكىسىمۇ بار. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ بىر نەرسە دېيىشىم قىيىن. ئوغلۇم ھازىر ئوۋغا چىقىپ كەتكەن، ئۇ كەلسە قوشقار پادىشاھقا جاۋابىنى يەتكۈزىمەن، — دەپ ئەلچىلەرنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ ئادىل پادىشاھنىڭ گەپلىرىنى پادىشاھىغا يەتكۈزۈپتۇ. قوشقار پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ ۋە:

— ئۇ مەندەك بىر پادىشاھنىڭ تەلىپىنى رەت قىلامدىكەن؟ لەشكەر تارتىپ ئۇنىڭ مەملىكىتىگە باستۇرۇپ كىرىڭلار! — دەپ پەرمان بېرىپتۇ.

لەشكەرلەر دەرھال يولغا چىقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بەھرام لەشكەرلەرگە ئۇچراپ قاپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بەھمەن شۇنچىلىك ھەيۋەت ۋە سالاپەت بىلەن كېتىۋاتقانىدىكى، گويا ئالدىغا تاغ ئۇچرىسا دەس كۆتۈرۈپ ئېلىۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە كۆرۈنىدىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن بەھرام دەرھال ئادىل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزى يالغۇز جەڭگە تەييارلىنىش ئۈچۈن ئاتىسىدىن رۇخسەت

سوراپتۇ. دەل شۇ چاغدا بەھرامنىڭ سىڭلىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

— ئاكا، بۇ جەڭگە مەن سەۋەبچى، ئىجازەت بەرسىڭىز مەنمۇ بىللە بېرىپ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرسام، — دەپتۇ. بەھرام ماقۇل بوپتۇ. ئۇ سىڭلىسىنى بىر بۇلاقنىڭ بويىدا قالدۇرۇپ ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

ئادىل پادشاھنىڭ لەشكەرلىرىنى ساقلاۋاتقان بەھمەن بەھرامنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— نېمىشقا ئۆزۈڭ يالغۇز كەلدىڭ؟ باشقا لەشكەرلىرىڭ قېنى؟

— مەن ئادىل پادشاھنىڭ ئوغلى، سىلەر بىلەن ئۆزۈم يالغۇز جەڭ قىلىمەن، — دەپتۇ بەھرام. بەھمەن ئۇنى مەنسىتمەي مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر ئۆزۈڭ يالغۇز جەڭ قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال مەن بىلەن ئېلىشقىن، ئەگەر مېنى يەڭسەڭ پۈتۈن لەشكەرلىرىم ساڭا تەسلىم بولسۇن.

ئىككى شاھزادە ئېلىشىشنى باشلاپتۇ. بەھرام ئاۋۋال بەھمەنگە يول قويۇپ:

— قېنى يىگىت ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، — دەپتۇ. بەھمەن شۇنچە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئېلىشقان بولسىمۇ بەھرامغا قىلچىلىك تەسىر يەتكۈزەلمەپتۇ. نۆۋەت بەھرامغا كەپتۇ. بەھرام بەھمەننى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ بىر ئاتقانىكەن، بەھمەن چاڭ ـ توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن قوشقار پادشاھ لەشكەرلىرىنى ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. بەھرام ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىپتۇ. قوشقار پادشاھ ۋە بىرنەچچە لەشكەربېشى قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ، قالغان لەشكەرلەر بەھرامنىڭ قولىدا ھالاك بوپتۇ. جەڭدە چارچىغان بەھرام سىڭلىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. سىڭلىسى تاماق تەييارلاپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن.

بەھرام تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ـ دە، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاپتۇ.

سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ جەڭ بولغان يەرلەرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇ جەسەتلەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، نىمجان بولۇپ قالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

بۇ كىشى قوشقار پادشاھنىڭ ئوغلى بەھمەن ئىكەن. مەلىكە ستارەنىڭ بۇ يىگىتكە رەھمى كەپتۇ. ئۇ يىگىتنى سۆرەپ بىر چەتكە ئېلىپ چىقىپتۇ. بەدىنىدىكى قانلارنى تازىلاپ، جاراھەتلىرىگە ئوت ـ چۆپلەردىن مەلھەم ياساپ سۈرتۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بەھمەن ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن قامەتلىك، كېلىشكەن، قەيسەر يىگىت بولۇپ، ستارە مۇشۇنداق زەبەردەس يىگىتنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەكەلگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ. بىراق، بەھمەن ئۇنىڭغا:

— مېنى قۇتۇلدۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. چۈنكى، مەن ئاكاڭغا خىيانەت قىلدىم، بىراق، مەن ئۇنىڭ كۈچىگە قايىل بولدۇم، ئۇ يەتتە مەملىكەتنىڭ لەشكەرلىرىنى بىرنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلاپتۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ مېنىمۇ تىرىك قويمايدۇ، يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە كىرىۋالساممۇ تېپىپ كېلىپ بېشىمنى ئالىدۇ، — دەپتۇ.

— قانداق قىلسام سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— ئۆزۈڭنى كېسەل قىياپەتتە كۆرسىتىپ، ئاكاڭنى ئابىھايات تېپىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغىن، شۇنداق قىلساڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن، — دەپتۇ بەھمەن.

مەلىكە ستارە كېسەل قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئاكىسىنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان بەھرام سىڭلىسىنى كېسەل ھالەتتە كۆرۈپ قاتتىق تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. ئۇ سىڭلىسىنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەچكە،

ئۇ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۇستا تېۋىپلارنى ئەكېلىپ سىڭلىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمما، ھېچقايسى تېۋىپ سىڭلىسىنىڭ كېسىلى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ.

كۆڭلەردىن بىر كۈنى سىتارە ئاكىسىغا:

— ئاكا، تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا تېپىلمايدىكەن، پەقەت ئابىھاياتلا مېنى بۇ كېسەلدىن ساقايتالايدىكەن. مېنى دەپ كۆپ ئەندىشە قىلدىڭىز، مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدىڭىز. لېكىن، بۇ قىلغانلىرىڭىز ئەمدىلىكتە پايدىسىز بولدى، ئەمدى ماڭا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق، — دەپتۇ.

سىڭلىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتقان بەھرام نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار: «قانداق قىلساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە» دېيىشىپتۇ. بەھرام ئويلىنىپ ئولتۇرماپتۇ. ئۇ دەرھال دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيىپتۇ ـ دە، سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، يەتتە ئاي بولغاندا بىر دەشتى ـ چۆلگە كەپتۇ ـ دە، ئوتتۇن تېرىپ يۈرگەن بىر كەمپىرنى كۆرۈپ قاپتۇ. كەمپىرمۇ بەھرامنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بەھرام:

— رەھمەت، ئانا، مېنى مېھمان قىلسىڭىز قورسىقىمنى تويدۇرۇپ بولالمايسىز. مەن بىر ئولتۇرۇشۇمدا يەتتە قوينىڭ گۆشىنى پاكىز يەۋېتىمەن. بۇ ئېتىم بولسا يۈز قاداق ئۆزۈم يەيدۇ، — دەپ، كەمپىرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئوغلۇم، مەن ئىككىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇپ يولغا سېلىپ قويىمەن، — دەپتۇ كەمپىر ۋە بەھرامنى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ.

ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، كەمپىر بەھرامدىن:

— ئەي باھادىر يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭ؟ نېمە ئىش بىلەن قەيەرگە سەپەر قىلىپ ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەھرام ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كەمپىرگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان كەمپىر:

— مېنىڭ بىر شەرتىم بار، ئەگەر شۇ شەرتىمنى ئورۇنلىيالىساڭ ساڭا ئابىھاياتنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

— شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ بەھرام.

كەمپىر ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئۆزى تولىمۇ كۆرۈمسىز، كۆزى كور، قۇلىقى گاس، تىلى گاچا، پۇتى توكۇر بىر قىزىم بار، شۇ قىزىمنى ئەمرىڭگە ئالساڭ، سېنى مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ. بەھرامنىڭ تولىمۇ بېشى قېتىپتۇ. ئەگەر كەمپىرنىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل كۆرمىسە، سىڭلىسىنىڭ كېسىلىگە داۋا تاپالمايدىكەن. مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئۇ سىڭلىسى ئۈچۈن بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىپتۇ ـ دە، كەمپىرگە:

— شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، ئانا، — دەپتۇ.

كەمپىر خۇشاللىقىدا نەچچە كۈن توي ـ تاماشا قىلىپ، قىزىنى بەھرامغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن يىگىتنى قىزنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. يىگىت قارىسا ھۇجرىدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ساھىبجامال بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. بەھرام ھەيران بولۇپ، كەمپىردىن سوراپتۇ:

— ئانا، ماڭا ئېلىپ بەرگەن قىزىڭىز قېنى؟

— مېنىڭ قىزىم مانا مۇشۇ، قىزىم توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىمنىڭ سىرىنى سەن ئابىھاياتنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ كەمپىر.

بەھرام قىزدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزەلمەي كەمپىرگە ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا

كەمپىر بەھرامغا بىر كوزا بىلەن بىر كالتەك بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭغىن، ئوغلۇم، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ بارسەن، دەريا شۇ دەرىجىدە كەڭرىكى، يەنە بىر قىرغىقىغا كۆز يەتمەيدۇ، مانا بۇ كالتەكنى سۇغا تاشلىساڭ شۇئان كۆۋرۈك ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشۈڭ بىلەنلا دىۋىلەر شەھىرىگە كېلىسەن. ئەگەر ئۇ شەھەردىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلانسا، دېمەك، دىۋىلەر ئويغاق بولىدۇ، ئۇ چاغدا شەھەرگە كىرمەي، بىرەر جايغا يوشۇرۇنۇپ، ساقلىغىن. ئەگەر شەھەر جىمجىت بولسا، بىمالال كىرىۋەرگىن. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇ تاغنىڭ تېگىدە بۇلاق بار. ئەنە شۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئابىھاياتتۇر. بۇ كوزىغا بۇلاق سۈيىنى لىق تولدۇرۇپ، تېز ئارقاڭغا قايتقىن.

بەھرام كوزا بىلەن كالتەكنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، كەمپىر دېگەن دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كالتەكنى سۇغا تاشلىغانىكەن، دەرھال بىر كۆۋرۈك كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ، بەھرام كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، دىۋىلەر شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەردىن دىۋىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىۋاتقانىكەن. بەھرام دەسلەپتە كەمپىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر جايدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاندىن كۆڭلىدە: «مەن بىر زەبەردەس پالۋان تۇرۇپ، دىۋىلەردىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇپ ياتسام ئىسمىم بەھرام بولماي قالامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۆز شەھىرىدە ئادەمزات بالىسىنى كۆرگەن دىۋىلەر دەسلەپتە ھەيران بولۇشۇپتۇ، ئاندىن نەرە تارتىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ. بەھرام دىۋىلەر بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. دىۋىلەرنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەھرام مومايىنىڭ دېگىنى بويىچە ھېلىقى تاغنىڭ ئاستىدىكى بۇلاقنى تېپىپ، بۇلاق سۈيىنى كوزىغا لىق قاچىلاپ، كەلگەن يولى بىلەن دەرھال قايتىپ كەپتۇ.

كەمپىر بەھرام ئېلىپ كەلگەن كوزىنى قىزىغا بېرىپ:

— بۇ كوزىنى قازاناقتا ئەكىرىپ قويۇپ قويغىن، يەنە بىر كوزىغا سۇ تولدۇرۇپ ئەتە ئېرىڭگە ئاچىقىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ئەتىسى بەھرام قېيىنئانىسى ۋە خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ، خوتۇنى ئاچىقىپ بەرگەن كوزىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئاكىسى بەرگەن كوزىدىكى سۇنى ئىچىپتۇ ـ دە، ئاكىسىغا قاراپ:

— ئاكا، بۇ ئابىھاياتنى ئىچىپ پۈتۈنلەي ساقايدىم، — دەپتۇ. خېلى كۈنلەر كىرىپ قاقمىغان بەھرام بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بەھمەن يەنە سىتارەنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇ:

— ئاكاڭ ئۇيقۇدىن ئويغانسا، مېنى ئىزدەپ تېپىپ ھەرگىز بوش قويمايدۇ، شۇڭا ساق قېلىش ئۈچۈن بىرەر چارە تېپىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپتۇ قىز.

— ئەمدى سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ئۇنى ئۆزۈم بابلايمەن، — بەھمەن شۇنداق دەپتۇ ـ دە، بەھرام ياتقان ھۇجرىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يۈرىكىگە ئۇرغانىكەن، بەھرام بىر ئىڭراپلا جان بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سىتارە داد ـ پەرياد چېكىپ يىغلاپ:

— سەن مېنىڭ ئاكامنى ئۆلتۈردۈڭ، بۇنىڭغا مەن ئەيىبكار، مېنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىن، بولمىسا بۇ دەردكە چىدىمايمەن، — دەپتۇ. بەھمەن

ستارەنى بىر تېپىپ يىغىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بېرىپ بىر ئالتۇن ساندۇق ياساتقۇزۇپ بەھرامنىڭ جەسىتىنى سالىپتۇ، ئاندىن بىر ئاتقا ئارتىپتۇ ـ دە، ئاتقا قامچا سېلىپ يولغا سالىپتۇ. ئات بىرقانچە كۈن توختىماي چېپىپ ئاخىر بەھرامنىڭ قېينئانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. بۇ ئاتنى كۆرگەن كەمپىر ئاتنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدە بەھرامنىڭ جەسىتى تۇرغانىكەن. كەمپىر قىزىغا دەرھال ھېلىقى كوزىدىكى ئابىھاياتنى ئاچىقىشنى بۇيرۇپتۇ، ئاندىن ئابىھاياتنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە چاچقانىكەن، بەھرام بىر ئەسنەپلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ.

— تۇۋا، مەن سىڭلىمنىڭ يېنىدا ئىدىم، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ — دەپتۇ.

كەمپىر بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، بەھرام بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە خۇشال ـ خۇرام يۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ كەمپىرگە:

— سىز ماڭا قىزىڭىزنىڭ قولىقى ئاڭلىمايدۇ، كۆزى كۆرمەيدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ، ماڭالمايدۇ، دېگەنىدىڭىز. لېكىن، قىزىڭىز بېجىرىم، تولىمۇ ئەقىللىك، گۈزەل قىز ئىكەن، سىز ئۇ گەپلىرىمنىڭ سىرىنى كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن دېگەنىدىڭىز، ئەمدى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— سۆزلىيەلمەيدۇ دېگىنىمنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر قېتىم يامان گەپ چىقىپ باقمىغان. كۆزى كۆرمەيدۇ دېيىشىمنىڭ سەۋەبى، ئۇ يات ئادەملەرگە قاراپ باقمىغان. ماڭالمايدۇ دېگىنىمنىڭ سەۋەبى، ئۇ يامان يوللارغا مېڭىپ باقمىغان. قولىقى ئاڭلىمايدۇ دېگىنىمنىڭ سەۋەبى، ئۇ بىرەر يامان سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان. مەن بۇ كۈنگە قەدەر ئامانەتنى ساقلاپ كەلگەنىدىم. ئەمدى ئۇنى ساق ـ سالامەت ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپتۇ كەمپىر. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇلار بەھرامنىڭ يۇرتىغا قاراپ مېڭىپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى بەھمەندىن ئاڭلايلى:

بەھمەن بەھرامنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ئادىل پادىشاھنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا ئۆزى پادىشاھ بوپتۇ. بەھرامنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىۋاپتۇ. بەھمەن ئۇلارنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلىتىپ، ئاخشاملىرى پەقەت بىر قاچا سۇ بىلەن بىر بۇردا نان بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئاخىر كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ. بەھرام ئاتىسىنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. پۈتۈن شەھەر ۋەيران قىلىنغان، ئاتىسىنىڭ تەختى ئورنىدا بىر يوغان تاش بولۇپ، تاش ئۈستىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانىكەن. بەھرام زەن سېلىپ قارىسا جالدۇر ـ جۇلدۇر كىيىنىۋالغان بىر يىگىت يوغان تاشنىڭ يېنىدا ئوت يېقىۋاتقانىكەن.

بەھرام:

— ئەي يىگىت، بىز يىراق يولدىن كەلدۇق، يولدا ئۇسساپ ـ چاڭقاپ كەتتۇق، مۇشۇ ئەتراپتىن سۇ تېپىلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەندىن گەپ سورىماي، يولۇڭلاردىن قالماي مېڭىۋېرىڭلار، بەھمەن پادىشاھ كۆرۈپ قالسا، مېنىمۇ، سىلەرنىمۇ بوش قويمايدۇ، — دەپتۇ يىگىت. بەھرام ئۇنىڭغا:

— قورقما، يىگىت، بەھمەن پادىشاھنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ. يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بەھرام يىگىتتىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ بەھمەن پادىشاھتىن مۇنچىلىك قورقۇشۇڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئادىل پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرىنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئادىل پادىشاھنىڭ بەھرام

ئىسمىلىك ئوغلى بار ئىدى. بەھمەن دېگەن ئەبلەخ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئۇنى ئۆلتۈردى، ئادىل پادىشاھنى تەختىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى خانىۋەيران قىلدى. ئادىل پادىشاھ بىلەن خانىشنى ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز خارلىدى.

بەھرام يەنە يىگىتتىن:

— ئادىل پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى بەھرام دېدىڭمۇ؟ سەن ئۇنى ھازىر كۆرسەڭ تونۇمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن. ئۇنىڭ كۆكرىكىدە يوغان بىر خال بار ئىدى. بەھرام شاھزادە بىلەن ئىككىمىز بىر يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. بىللە ئىلىم ئۆگىنىپ، بىللە ئوينىغان، — دەپتۇ يىگىت.

شۇنىڭ بىلەن بەھرام دەرھال كۆكرىكىنى ئېچىپ، خالنى يىگىتكە كۆرسىتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى شۇندىلا بەھرامنى تونۇپتۇ. ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن بۇ دوستلار خۇشاللىقىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن بەھرام دوستىغا:

— سەن ئاۋۋال ماڭا كونا، يىرتىق كىيىمىدىن بىرنى تېپىپ بەرگىن. ئاندىن خوتۇنۇم بىلەن بىللە مېنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىن، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىردەمدىلا كونا، جالدۇر ـ جۇلدۇر كىيىملەرنى تېپىپ ئەكەپتۇ. بەھرام شاھانە ئېسىل لىباسلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىيىملەرنى كىيىپ، قەلەندەر مۇساپىر قىياپىتىگە كىرىپتۇ ـ دە، يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بىر دەريانىڭ بويىدا ئوتۇن تېرىپ يۈرگەن بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ بوۋاينىڭ ئالدىغا ماڭغاچ، تىلەمچىلەرنى دوراپ: «ھەق دوست، يائاللا» دەپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي:

— ئەي تىلەمچى، سەن باشقىلاردىن مۇشۇنداق نەرسە تىلەپ يۈرۈپ ھېچبولمىغاندا بىر بۇردا نان بولسىمۇ تېپىپ يېيەلەيسەن. مەن بىچارە ئەتىدىن ـ كەچكىچە كۆچ ـ مادارىمدىن كەتكۈچە ئىشلىسەممۇ بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ ئۆتىمەن. شۇڭا مەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىمەن دەپ يولۇڭدىن قالما، — دەپتۇ.

بەھرام بوۋايدىن:

— ئەي ئاتا، سىزنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قىيناۋاتقان زادى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا:

— مەن ئەسلىدە مۇشۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئىدىم. بەھرام ئىسىملىك باھادىر ئوغلۇم بار ئىدى. ھازىرقى پادىشاھ، يەنى بەھمەن دېگەن قارا نىيەت ئەبلەخ مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇمنى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئۆلتۈردى، تەختىمنى تارتىۋېلىپ، خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىزنى مانا مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

بەھرام ئاتىسىغا قاراپ ئىچى ئېزىلىپتۇ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، بەھمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىگە يېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاتىسىغا ھازىرچە ئۆزىنى بىلدۈرمەي تۇرۇشنى قارار قىپتۇ ۋە ئاتىسىغا قاراپ:

— ئەي ئاتا، ماڭا سۆيۈنچە بېرىڭ، ئوغلىڭىز تېخى ھايات، — دەپتۇ.

ئاتىسى بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، بەھرامغا:

— سەندەك ئىشىكمۇ ئىشىك قاتراپ، نەرسە تىلەپ يۈرىدىغان تىلەمچىگە يالغان گەپ قىلىش ياراشمايدۇ. مېنىڭ ئوغلۇمنى قانداق تونۇيسەن؟ ئۇنىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى سەن، قانداق بىلىسەن؟ قەلبىمنىڭ يارىسىغا تۇز سەپمەي دەرھال يولۇڭغا ماڭغىن، — دەپتۇ. بەھرام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىدىماي، ئاتىسىغا:

— ئوغلىڭىز ھازىر كۆز ئالدىڭىزدا، — دەپلا كۆكرىكىنى ئېچىپ، خالنى كۆرسىتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بەھرامنى تونۇپ، خۇشاللىقىدا ئۆزىنى يوقىتىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. بەھرام سۇ تېپىپ

كېلىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە چاچقانىكەن، مىڭ تەستە ھوشىغا كەپتۇ. سىتارە ئەخمەقلىق قىلىپ، ئاكىسىغا بىرمۇنچە جاپالارنى سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. قايتا جەم بولغان بۇ ئائىلە ئۇزاق ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، بەھرام ئۇلارنى ئېلىپ شاھ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇن ئالماي قۇرۇق قول كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بەھمەن ئۇلارغا پوپوزا قىلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئىمانسىز ھورۇن چاكارلار، نېمىشقا قۇرۇق قول قايتىپ كەلدىڭلار؟

— بىز ئوتۇننىڭ ئورنىغا مانا بۇ تىلەمچىنى ئېلىپ كەلدۇق، — دەپتۇ ئادىل پادىشاھ.

غەزەپلەنگەن بەھمەن ئۇلارغا شالىنى چېچىپتۇ:

— بۇ تىلەمچى بىلەن قوشۇلۇپ دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىش. دەرھال بېرىپ ھەربىرىڭ بىر قۇچاقتىن ئوتۇن ئەكېلىش. بولمىسا بېشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن!

بۇ ئاھانەتلەرگە چىدىيالمىغان بەھرام يۈگۈرۈپ بېرىپ بەھمەننى بوينىدىن تۇتقىنىچە تەختتىن چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— قېنى ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ باققىنا، كۆرۈپ باقاي! — دەپتۇ.

بەھمەن بەھرامنى تونۇپ، قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بەھمەندىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. بەھرام ئاتىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن بېرىپ، ئايالىنى ئەكېلىپ ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئادىل پادىشاھ بىلەن خانىش كېلىنى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن پۈتۈن يۇرتقا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارغا قايتىدىن توي قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بەھرام خوتۇنى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختىيار، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(بۇ چۆچەك 1990 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «جاھىل قۇش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

## مەمەت نەۋبەتنىڭ مىنياتۇرا رەسىملىرىدىن



مەختۇمسۇلا مىنياتۇرا (خوتەن قەغىزىگە سىزىلغان) 70X50cm



ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى «چىن تۆمۈر باتۇر» غا سىزىلغان قىستۇرما رەسىم

رەسسام: ئەنۋەر


# 源　泉 (布拉克)

# بۇلاق

（维吾尔文）　总171期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 171 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：穆合塔尔・马木提　副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىر: مۇختار ماموت　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118　邮政编码：830001
邮政代码：58-108　定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043